باشلانغۇچ 2ـ يىللىقلار ئۈچۈن

# ئەدەبىيات



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................................1

1 ـ بۆلەك: مەكتەپ تۇرمۇشى........................3

ئوقۇش باشلاندى........................................4

كىتاب بىلىم بۇلىقى........................................7

دەپتىرىم........................................11

بىر مىنۇت........................................15

ئاساسىي مەشىق........................................20

2 ـ بۆلەك: چۆچەك ۋە مەسەللەر........................24

بوۋاينىڭ نەسىھىتى........................................25

ماختانچاق پاقا........................................30

تۆگە بىلەن ئۆچكە........................................36

ئاساسىي مەشىق........................................41

3 ـ بۆلەك: ئەدەپ ـ ئەخلاق........................46

بۆرە كەلدى........................................47

ئەھمىيەتلىك مۇكاپات........................................52

ئەپ بولۇشتى ئىككىسى........................................59

ئاساسىي مەشىق........................................63

4 ـ بۆلەك: ئەجدادلار ئىزىدىن........................67




# ئانا تىل

ئانا تىلىم جىلۋەم جەزبەم،
ئانا تىلىم گۆھەر خەزىنەم،
ئانا تىلىم مەككە مەدىنەم،
ئانا تىلىم ئۆزى بىر ئالەم.

يورۇمايدۇ تارىخىم سەنسىز،
جاھالەتتۇر بۇ دىلىم سەنسىز.
بىر پارچە گۆش بۇ تىلىم سەنسىز،
كۆرۈنمەيدۇ مەنزىلىم سەنسىز.

جەڭگاھلاردا ياراق ئانا تىل،
يۈرۈشلەردە بايراق ئانا تىل،
قۇياش كەبى پارلاق ئانا تىل،
سەندە ئۈنۈم ياڭراق ئانا تىل.



يېتملار غەمگۇزارى ــــ ئابدۇقادىر داموللام................ 68
بۇيۇك تىلشۇناس ــــ مەھمۇد قەشقەرى................ 73
شەرەپلىك ئىنسان........................ 78
ئەقىللىق دادا ۋە كەپسىز بالا.................... 83
ئاساسىي مەشىق........................ 88
5 ـ بۆلەك: پەن ـ تېخنىكا.................... 91
ئابباس ئىبنى فىرناس.................... 92
كەشپىياتچى بالا........................ 96
ئۇستازىم........................ 101
ئاساسىي مەشىق........................ 106

## كىرىش سۆز

پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، ھېچبىر شېرىكى يوق يېگانە رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد چىراغلىرى، تەۋھىد ئامانىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەجدادلار ئۈمىدى بولغان ئەنە شۇ بىغۇبار پەرزەنتلىرىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نېئمىتىدۇر. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇشۇ نېئمەتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئۇستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭغا ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت يولىغا يېتەكلەش بولسا ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

ئېنىقكى، ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇق كۆرۈشىنى ۋە مەنىۋىي مىراسلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغان مۇھىم پەندۇر. ئۇ تىل سەنئىتى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ يىلتىزى ھېسابلانغان ئانا تىلنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش، راۋاجلاندۇرۇشتەك قىيىن ۋە بۈيۈك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئانا تىلىمىز يىللار بۇرۇنلا ئاكادېمىك ساھەلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى.

# بىرىنچى بۆلەك:
# مەكتەپ تۇرمۇشى

ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزدا، دەرسخانىنىڭ ئىچى-سىرتىدا نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەكتەپ تۇرمۇشى نەقەدەر مول ۋە رەڭگارەڭ-ھە!





ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىلىمىزنىڭ خاسلىقى، ئۆز پاساھىتى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى قوغداپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانغا ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا، ئەڭ ئاۋۋال ھەرقايىسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى مىللىي مائارىپ ساھەسىدە ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقىش مۇھىم ۋە مەسئۇلىيەتلىك ئېغىر خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم ئەدەبىيات كىتابى تۈزۈلۈپ تارقىتىلغاندىن كېيىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپ-پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ساقلانغان يېتەرسىزلىكلىرىمىز ۋە سەل قاراپ قالغان تەرەپلىرىمىزنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تولۇقلاپ، قولىڭىزدىكى مەزكۇر ئۈچىنچى قىسمىنى تۈزۈپ تارقاتتۇق.

بىزنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئايىمىغان، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن بارچە قېرىنداشلىرىمىزغا رەھمان تائالادىن كاتتا ئەجىر ۋە رەھمەت تىلەش بىلەن بىرگە، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ داۋاملىق تۈردە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ۋە سەمىمىي تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. خەت-چەك تاپشۇرۇۋېلىش ئادرېسىمىز:

www.muhsinlar.net

# ئوقۇش باشلاندى

مانا ئۇزۇنغا سوزۇلغان يازلىق تەتىلمۇ ئاياغلىشىپ، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. دادىسى بىلەن بىرلىكتە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغان ئەكرەم خۇشال هالدا مەكتەپكە بېرىشقا تەييارلىق قىلدى.

ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن دادىسىنىڭ قولىنى تۇتقانچە ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى. ئاپتوبۇستا ئىككى كىشىلىكلا ئورۇن قالغان ئىدى. ئەكرەم ئىككى ئاي داۋاملاشقان تەتىلدە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى تولىمۇ سېغىنغان بولغاچقا، قەلبىدە هاياجانلىق هېس ـ تۇيغۇلار جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. كېيىنكى بېكەتتە ئاپتوبۇسقا بىر ياشانغان بوۋاي چىقىپ كەلدى. بوۋاينى كۆرگەن ئەكرەم دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ بەردى ۋە دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆرە تۇردى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئالدىدا چۈشكەندىن كېيىن دادىسى: «ئۇ بوۋاينىڭ ئورۇن بوشىتىپ بەرسەڭ بىر ئېغىزمۇ ‹رەھمەت› دەپ قويمىغىنى نېمىسى؟!» دېگەندى، ئەكرەم: «دادا، هېچقىسى يوق، ياخشى مۇسۇلمان باشقىلاردىن رەهمەت ۋە تەشەككۈرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلمايدۇ. ئۇستازىمىز بىزگە: ‹هەرقانداق ياخشى ئىش قىلساڭلار، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىڭلار› دەپ ئۆگەتكەن» دېدى ئۇ تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.





دادىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «بارىكاللا ئوغلۇم، سەن غەرەز ئۇقىدىغان بولۇپ كېتىپسەن» دېگىنىچە ئۇنىڭ مۇرىسىنى مېهرىبانلىق بىلەن ئۇرۇپ قويدى. ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىنلا كەلگەندە قارىسا، مەكتەپ ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، خۇشاللىق ساداسى مەكتەپنى بىر ئالغانىدى. ئەكرەم يىراقتىن ئۆزىنى چاقىرغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە دادىسىنىمۇ ئۇنتۇپ، سىنىپ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى...

## كۆنۈكمە

1 تېكىستنى ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

2 بېرىلگەن تېكىستكە ئاساسەن جۈملە تۈزۈڭلار.

بوۋاينى كۆرگەن ئەكرەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

______ دەرھال ______.

مەھمۇد ئاكا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، خىجىل بولغان ھالدا جىمجىت ماڭاتتى.

______ خىجىل بولغان ھالدا ______.

ئالىم ھاياجانلانغان ھالدا مۇكاپات بويۇمىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

______ ھاياجانلانغان ھالدا ______.

ئۇنىڭ دادىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشالمىدى.

______ بولغاچقا ______.

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

ئۇزۇن ـ قىسقا، كۆركەم ـ سەت، خاپا بولماق، خۇشال بولماق، غەرەز ئۇقماق

سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، تەتىلىڭلار قانداق ئۆتتى؟ ھەممىڭلار ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەتىل جەريانىدا ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك ۋاقتىڭلارنى بىر ـ ئىككى جۈملىدىن سۆزلەپ بېرىڭلار.







# كىتاب ــــ بىلىم بۇلىقى

سەن دەرسلىك كىتابىڭنى پەرۋاسىز ھالدا ۋاراقلاپ قويۇپ، پىرقىرىتىپ تاشلىدىڭ. بىر ـ ئىككى ۋارىقى يىرتىلىپمۇ كەتتى. يۈرىكىم گويا يىڭنە سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بىلسەڭ ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، سەن كىتابىڭنى ئەمەس، تېپىلغۇسىز گۆھەرنى چۆرۈپ تاشلىدىڭ، مەن بەكلا ئەپسۇسلاندىم...

ئەي سۆيۈملۈك ئوغلۇم، سەن تاشلىۋەتكەن بۇ دەرسلىك كىتاب قانچىلىغان خىرە دىللارنى يورۇتۇپ، ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئاچقان، نۇرغۇنلىغان چاڭقىغان قەلبلەر كىتاب قۇرلىرىدىكى تامچە ـ تامچە بىلىم شەربەتلىرىنى ئىچىپ قانغان ئەمەسمىدى؟!

ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، كىتاب ئوقۇشنى كۈنىدە ئۈچ ۋاخ تاماق يېگەنگە ئوخشاش مۇھىم بىلگىن. چۈنكى، تاماق

ۋۇجۇدۇڭغا جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغىنىدەك، پايدىلىق كىتاب روھىڭغا مەڭگۈ خوراپ تۈگىمەيدىغان ئەقلىي كۈچ، ئېتىقاد ۋە نۇر ئاتا قىلىدۇ. بىلىم خۇددى بەدىنىڭدىكى قانغا ئوخشايدۇ. بەدىنىڭدە قان كەم بولسا تېنىڭ ئاجىز بولىدۇ، بالام، ئەنە شۇ قاننى كىتاب ئارقىلىق تولۇقلىيالايسەن.

ئەي جانجىگەر ئوغلۇم، كۆكتىكى بۇلۇتتىن كىشىلەر ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر تۆكۈلىدۇ. سەنمۇ شۇ بۇلۇتقا ئوخشاش كۆكتە ئۈزگىن ۋە ئىگىلىگەن بىلىمىڭنى كىشىلەرگە تۆككىن. ساڭا ئوخشىغان مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە تۆككىنىڭ، بىلىم بىلەن مىللىتىمىز روناق تاپسۇن، دىنىمىز گۈللەپ ياشنىسۇن!

## كۆنۈكمە

1 تېكىستنى تەكرار ئوقۇڭلار ۋە كىتابنىڭ نېمىلەرگە ئوخشىتىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

2 تۆۋەندە بېرىلگەن كىتاب ھەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى دىققەت قىلىپ ئوقۇڭلار ۋە ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىڭلار.





- كىتابسىز ئۆي جانسىز تەن.
- كىتاب قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە.
- ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقازغىلى بولمايتتى.
- پۇل تاپقاندا كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىبۇزىننەتلەردە ئۆينى بېزىگەن ئائىلە بىلەن كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن ئۆي بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر.

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆزىتىپ بېقىڭ.

ئەقىل ـ بۇلاق، تامچە ـ تامچە، كۈچ ـ قۇۋۋەت، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان، ياش ـ ئۆسمۈر

تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىنى كۆزىتىپ، جۈملە تۈزۈپ بېقىڭ.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشنىڭ بىردىنبىر يولى قوراللىق جەڭ. چۈنكى، بۇ ـــــ رەببىمىزنىڭ ئىلاھىي كۆرسەتمىسىدۇر.

_ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ چۈنكى ،

_ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ .

قانخور شىڭ شىسەي مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان دىنىي ئۆلىما، ئالىملىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ قېنىنى شورىغان.

__________ مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان          .


_ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _ _

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ھەر ۋاقىت ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، قۇرئان كەرىم بولسا بىزنىڭ ھىدايەت چىرىغىمىز ۋە ھاياتلىق دەستۇرىمىز. مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەرۋاقىت ئۇنى تىلاۋەت قىلىشقا ۋە يادلاپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىز بۇنى بىرىنچى قىسىم كىتابتىمۇ ئەسلەتكەن ئىدۇق. ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە «قۇرئاندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كىتاب قايسى؟» دېگەن تېمىدا ئىزدىنىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.








قەدىرلىك دەپتىرىم، شۇ تاپتا مەن ساڭا بالىلىق مېھرىم بىلەن تىكىلىپ، مارجاندەك چىرايلىق خەتلەر بىلەن تولغان بەتلىرىڭگە چۆكۈپ كەتكەندەك بولۇۋاتىمەن. ھەممە دوستلىرىم سېنى ماڭا ئوخشاش قەدىرلەپ ئاسرامدىغاندۇ؟ گوياكى سەن «دوستۇم، قولۇڭغا قەلەم ئال، رەت-رەت قۇرلىرىمنى رەببىم ئاتا قىلغان نېئمەتلەر، تەسىرلىك خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، قىزىقارلىق شېئىرلار بىلەن توشقۇزغىن» دەۋاتقاندەك قىلاتتىڭ. بەلكىم سەن ھەر قۇرغا يېزىلغان خەتلىرىمنىڭ شۇنچە چىرايلىق، رەتلىك چىققانلىقىدىن تولىمۇ شادلىنىۋاتقانسەن... توغرا، مەن مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چېغىمدا ساڭا تولىمۇ جاپا سالغان ئىدىم، سېنى پاكىز تۇتمايتتىم. قىڭغىر-سىڭغىر خەتلەر بىلەن ئۈستۈڭنى بويىۋېتەتتىم. بەزىدە تېخى بىر بېتىڭگە خەت يازسام، يەنە بىر بېتىڭنى ئاق قالدۇرۇپ قوياتتىم، قالايمىقان يىرتىپ جىجىپ ئوينايتتىم. تېشىڭغا ھەرخىل قاملاشمىغان رەسىملەرنى سىزىپ، ئۇنى تۈكۈرۈپ ئۆچۈرۈپ شالتاق قىلاتتىم.

ھەممىدىن يامىنى شۇكى، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە سىنىك بەتلىرىك يۈز نۇمۇرنى زادىلا كۆرمەيتتى. چۈنكى، مەن سىنىپتا ھەممىدىن بەك كەپسىز، سەممىيەتسىز ئوقۇغۇچى ئىدىم. مۇئەللىم دەرس چۈشەندۈرگەندە كۆڭۈل بۆلمەي بىرنەرسىلەرنى يەپ ئولتۇراتتىم ياكى بولمىسا، قەغەز پارچىلىرىدىن ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئويناتتىم. يېنىمدىكى ساۋاقداشلىرىمنى گەپكە تۇتۇپ، سىنىپنىك ئىنتىزامىنى بۇزاتتىم . دەرسنى ياخشى چۈشەنمىگەچكە، تاپشۇرۇقنى خاتا ئىشلەيتتىم. بەزىدە ئۇدا ئەللىكتىن تۆۋەن نۇمۇر ئالىدىغان ئەھۋاللار تەكرارلىناتتى. بەتلىرىك مۇئەللىمنىك «خەتنى رەتلىك، چىرايلىق يېزىك!» دېگەن قىزىل رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش خەتلىرى بىلەن تولۇپ تۇرسىمۇ، يەنە بىپەرۋالىق بىلەن ئۆزۈم بىلگەنچە يېزىۋېرەتتىم.

ئۆتكەن قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىنى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى مۇئەللىم دەپتەر ـ كىتابلارنى پاكىز تۇتۇش ھەققىدە سۆزلەپ، كۆپچىلىككە سىنى كۆرسەتتى. سەن ھەممە ئوقۇغۇچى ئىبرەت ئالىدىغان ئەيىبلىك دەپتەرگە ئايلىنىپ قالدىك. مۇئەللىم سىنىك يىرتىق، قالايمىقان بەتلىرىڭنى ۋاراقلىغاندا مېنىك كىچىككىنە يۈرىكىم ئىزانىك قاماقلىرى ئارىسىدا قىسىلىشقا باشلىدى. كۆزۈم ياش پەردىلىرى بىلەن ئورالدى. ۋۇجۇدۇمنى باسقان مۇزدەك تىترەك مېنى پۇشايمان ئوتلىرىدا كۆيدۈرەتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىك ئاتا ـ ئانام، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىك مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئەستىن چىقىرىپ سېنىمۇ، ۋاقتىمنىمۇ ئىسراپ قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان ھوشۇمنى تاپتىم. سېنى ئاسرايدىغان، ئەك ئەتىۋار دوست تۇتىدىغان بولدۇم. مانا سەن بىلەن يىلمۇيىل بىللە مەرىپەت بېغىدا جەۋلان قىلىپ قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرلىمەكتىمىز. تېشىك چىرايلىق، پاكىز، ھەر بېتىڭدە ئاساسەن يۈز نومۇر بىلەن «ياخشى» دېگەن خەت چاقناپ تۇرىدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە سەن ھەممە سۆيۈندىغان، ئۈلگە ئالىدىغان نەمۇنىلىك دەپتەرگە ئايلاندىك.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تېكىستتە ئاپتور ئوقۇغۇچىلارنى نېمە ئىش قىلىشقا ئۈندىگەن؟

### تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار

1. دەپتەر ئوقۇغۇچىلارنىك (          ) ئۆگىنىش قورالى بولۇپ، بىز ئۇنى (          ) كېرەك.
2. دەپتەرگە خەت يازغان چاغدا، دەپتەرنىك (          ) خەت يېزىپ، (          ) بېتىنى ئاق قالدۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

3 بىز (          )لارنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلاپ، تاپشۇرۇقلارنى (          ) ئىشلىشىمىز كېرەك.

تۆۋەندىكى
سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە
ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار



مارجان، شاتلانماق، قىڭغىر ـ سىڭغىر، ئىنتىزام، بىپەرۋالىق بىلەن، قاماق، چاقنىماق، نەمۇنىلىك





# بىر مىنۇت



سائەت جىرىڭلىدى. ئەلى ئۈيقۇ باسقان كۆزلىرى بىلەن سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ ئىستىرىلكىسى دەل «7»نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ «دەرسخانا يوقلىمىسىغا يەنە توپتوغرا بىر سائەت ۋاقىت بار ئىكەن. يۈزۈمنى بىر مىنۇتتىلا يۇيۇپ بولىمەن، ناشتىنىمۇ بىر مىنۇتتىلا يەپ بولىمەن. يەنە بىر مىنۇت سوزۇلۇپ يېتىۋالايچۇ!» دېگىنىچە بېشىنى پۈركەپ ئۈيقۇغا كەتتى. ئانىسىنىڭ قايتا ـ قايتا چاقىرىپ ئويغىتىشى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان ئەلى ئېرىنچەكلىك بىلەن سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ مىنۇتنى كۆرسىتىدىغان تىلى «3» دېگەن سانىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. دېمەك، يەتتىدىن ئونبەش مىنۇت ئۆتتى دېگەن گەپ.

ئۇ: «يەنە 45 مىنۇت بار ئىكەن. يۈزۈمنى يۇيۇپ، ئاندىن ناشتا قىلىپ بولسام‌ىلا تەييارلىقىم پۈتىدىكەن. بۇ ئىشلارنى بىردەمدە قىلىپ بولالايدىكەنمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خۇشياقمىغان ھالەتتە ھاجەتخانا تەرەپكە ماڭدى. شۇ كىرىپ كەتكەن پېتى قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئانىسى جىددىي چاقىرىپ مەكتەپكە كېچىكىپ قالماسلىقنى ئەسكەرتكەندىلا ھاجەتخانىدىن چىقتى.

—— ئەلى، مۇشۇنداق ئېزىلىپ يۈرۈپ مەكتىپىڭگىمۇ كېچىكىپ

قالدىغان بولدۇڭ. تېز يۈزۈڭنى يۇيۇپ، داستىخانغا كەلگىن. بولمىسا مەكتەپكىچە ئۈلگۈرەلمەيسەن دېدى ئانىسى جىددىي قىياپەتتە.

بىراق ئەلى:

ــــ نېمانچە ئالدىرايسەن، ئانا. ئەمدى يەتتىدىن 30 مىنۇت ئۆتتۇپتۇ. يۈزۈمنىمۇ بىر مىنۇتتىلا يۇيۇپ بولالايمەن، ناشتىلىقنىمۇ بىر مىنۇتتىلا قىلىپ بولالايمەن، ئاندىن مەكتەپكە بىردەمدىلا بېرىپ بولىمەن. خاتىرجەم بولساڭچۇ ئانا.

ــــ قانداقلا بولمىسۇن، ئىشىڭنى بالدۇرراق تۈگەتسەڭ ياخشى بالام. شۇنداق بولغاندا ئۆزۈڭمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىسەن، ۋاقىت قىستىغاندا جىددىيلىشىپ قالمايسەن!

ــــ ماقۇل، ئانا!

ئەلى شۇنداق دېگىنىچە، يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئانىسى نان ۋە سۈت تالقىنىدا تەييارلىغان سۈت چايىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئەلىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــــ تېزراق يېگىن، بالام!

ئەلى بىر مىنۇتتىلا ناشتىلىق يەپ بولۇپ، خاتىرجەم هالدا مەكتەپكە مېڭىشىنىڭ خىيالىنى سۈرگەچ ناشتىغا قول ئۇزاتتى. ئۇ ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۈت چايىنى ئىچىپ بولۇپ، تويۇقسىز سائەت ئېسىگە كېلىپ، ئەنسىزلىك بىلەن سائەتكە قارىدى. سائەت يەتتىدىن 55 مىنۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەلى بېشىدىن خۇددى بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپلا ئالدىراپ مېڭىشقا



بىرىنچى بۆلەك

تەمشەلدى. بىراق سومكا ئېسىگە كېلىپلا ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ ئاخشام سومكىسىنى تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن يىغىشتۇرماي تاشلاپ قويغان بولغاچقا، دەپتەر ۋە كىتابلىرى بىر بۇلۇڭدا چېچىلىپ ياتاتتى. يېرىم يارتا ئېتىلگەن سومكىسى خۇددى ئەلىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك ئېغىزى تولۇق ئېچىلغان هالەتتە ياتاتتى.

چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئەلى سومكىسىغا ئېتىلدى. ئالدىراپ ـ تېنەپ كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى قالايمىقان پۈرلەپ سومكىسىغا تىققان پېتى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن يەتتىدىن 59 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

ئەلى هاسىرىغان هالدا سىنىپقا كىردى. بۇ چاغدا مۇئەللىم دەرسنى ئالللىبۇرۇن باشلاپ بولغان بولۇپ، ئەلىنىڭ كىرىشى بىلەن هەممەيلەننىڭ كۆزى ئەلىگە تىكىلدى. مۇئەللىم قولىدىكى سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

ــــ ئەلى، توپتوغرا 10 مىنۇت كېچىكتىڭىز دېدى ـ دە، باشقا گەپ قىلماستىن ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

ئەلى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى، ئىچىدە: «بىر مىنۇت، هەي، بىر مىنۇت . . . » دەپ تەكرارلايتتى.




1 تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.

2 ئەلىنىڭ كىچىكىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

ئېرىنچەكلىك بىلەن، چىرايى ئۆڭۈپ كەتمەك، ئەرۋايى ئۇچماق، يۈزى قىزىرىش




1 ئاپتوبۇسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

_______ قارىسىمۇ ____________.

2 ئەلى تېز بول، بولمىسا مەكتىپىڭگە ئۈلگۈرەلمەيسەن.

_________ بولمىسا ___________.








ھۇرۇن ۋاقىت قەدرىنى بىلمەس،
ئۆتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەس.


ۋاقتىڭ كەتتى بەختىڭ كەتتى.
ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

ھۇرۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
دىۋانىنىڭ پەتىسى (تۈگىمەس).

# ئاساسىي مەشىق

## تۇتاشتۇرالايمەن

| | |
|---|---|
| تېز | نان |
| كۆڭۈللۈك | سۈرئەت |
| يۇمشاق | بىنا |
| ئېگىز | دەريا |
| چوڭقۇر | مەكتەپ |
| ئىللىق | ھاۋا |




بارا ـ بارا، چوڭ ـ كىچىك، ئېگىز ـ پەس، بىر ـ بىرلەپ، قېرى ـ ياش، ئاق ـ قارا، كىچە ـ كۈندۈز، دەپتەر ـ قەلەم








ئەسلى بىر نادان ئىدىم، ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان،
كۆچكە تولدۇم، چۈنكى سەن بولغاچقا ئۇستازىم كىتاب.
يېتىشىپ چىقمايدۇ ئەسلا سېنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ،
مەيلى دوختۇر ۋە مۇئەللىم، يازغۇچى، ئالىم...كىتاب.

1 ئاپتور بۇ شېئىردا نېمە ئۈچۈن كىتابنى «ئۇستازىم» دەيدۇ؟

2 سىز ھازىرغىچە قايسى كىتابلارنى ئوقۇپ باقتىڭىز؟ ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بېرىڭ.

## تولدۇرۇپ بېقىڭ

قار — ( ) ( ) ( )

چىرايلىق — ( ) ( ) ( )

**كىم ئەقىللىق؟** قېنى قايسىڭلار تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تاپالايسىلەر؟

ئاق كىگىز، ئاپئاق كىگىز،
لەيلەپ يۈرەر ئۈستۈڭدە.
پۇت ـ قولى يوق، جېنى يوق،
ئېيتىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟



تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇپ تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

بىر قىزچاق ئاپىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ ئۆيگە ئىككىنچى قەدەم باسماسلىقنى نىيەت قىلىپتۇ. ئۇ سىرتلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ راسا چارچاپ، قورسىقىمۇ تازا ئېچىپتۇ. ئەمما، ئۆيگە قايتىشقا يۈزى چىدىماپتۇ. يېنىدا پۇل بولمىغاچقا، بىرنەرسە ئېلىپ يېيەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەچمۇ كىرىپ قىزچاقنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقى ۋە قورقۇنچ ئۇنى ئەسىر ئاپتۇ. ئۇ مېڭىپ- مېڭىپ، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئاشخانىدىن مەززىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى كېلىۋاتقان بولۇپ، كىرەي دېسىمۇ يېنىدا پۇلى بولمىغاچقا، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا بىچارىلىك بىلەن تۇرۇۋېتىپتۇ. ئاشخانا خوجايىنى قىزچاقنى كۆرۈپ:

— قىزچاق، تاماق يەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ تاماق يەيدىغان پۇلۇم يوق، — دەپتۇ قىزچاق يىغلامسىراپ.

— ھېچقىسى يوق، مەن سىزنى مېھمان قىلغان بولاي، — دەپتۇ ئاشخانا خوجايىنى.

قىزچاق قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قاپتۇ ۋە ئاشخانىغا كىرىپتۇ. قىزچاق تاماق يەۋېتىپ، ئاشخانا خوجايىنىغا:

— تاغا، سىز بەك ياخشىكەنسىز، — دەپتۇ.

— ھە؟ قانداق دەيسىز؟ — دەپتۇ ئاشخانا خوجايىنى.





قىزچاق:

— بىز ئەزەلدىن تونۇشمايمىز، لېكىن سىز ماڭا ھەقسىز تاماق بەردىڭىز. ئەمما، مېنىڭ ئاپام مېنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ، شۇنداقلا ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۆيلىسامىلا ئاچچىقىم كېلىدۇ، — دەپتۇ.

— ھا! ھا! قىزچاق، مەن سىزگە پەقەت بىر قاچىلا تاماق بەردىم، خالاس. ئەمما، ئاپىڭىز سىزگە پۈتۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ بېقىپ چوڭ قىلدى، سىزگە تالاي قېتىم تاماق ئېتىپ بەردى. سىز بۇلار ئۈچۈن بىرەر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئاشپەز.

قىز بۇنى ئاڭلاپ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بىچارە ئاپا قىزىدىن ئەنسىرەپ تەرەپ- تەرەپكە چېپىپ ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن. قىزچاق ئىچىدە «ئاپامغا رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قىزچاق ئانىسىغا ئېغىز ئاچقۇچە، ئاپىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ: «ئادەمنى بەك ئەنسىرەتتىڭىز قىزىم، تېخى تاماق يېمىگەنسىز؟» دەپتۇ.




بۇرۇن ـ قەدىم زاماندا،
ئۆتكەن ئىكەن بىر بوۋاي.
بىر كۈن ئىككى ئوغلىنى،
چاقىرتىپتۇ خۇشچىراي.


ئۇ سېۋەتنى كۆرستىپ،
دەپتۇ: «مۇشۇ سېۋەتتە
لىق سۇ ئېلىپ كېلىڭلار،
ئۆستەڭدىن تېز پۇرسەتتە».

غىڭ قىلالماي ئوغۇللار،
كەپتۇ ئۆستەڭ بويىغا.
ئويلىنىپتۇ بىر ئۇزاق،
قاراپتۇ ئوڭ ـ سولىغا.



# 2 ـ بۆلەك: چۆچەك ۋە مەسەللەر

چۆچەك ۋە مەسەللەر تۇرلۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، بىزگە ھايات ھېكمەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك دەرس بېرىدۇ. بىز چۆچەك ۋە مەسەللەردىكى ھەرخىل ۋەقەلىكلەردىن زوق ئالىمىز.



دەپتۇ بىر چاغ ئۇكىسى:
«تاپتىم، ئاكا ئامالنى.
ئەپ كېلەيلى خاماندىن،
ئازراق توپا ـ سامانى.

بىز سېۋەتنى سۇۋايلى،
سامان بىلەن لاي قىلىپ.
ئاندىن ئۆيگە بارايلى،
سېۋەتكە لىق سۇ ئېلىپ».

سېۋەتكە سۇ توشقۇزۇپ،
قايتىشىپتۇ ئۆيىگە.
بوۋاي قايىل بولۇپتۇ،
ئوغۇللارنىڭ پەمىگە.

«ئامال قىلساڭ، ـــ دەپتۇ ئۇ،
ـــ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.
بولساڭ ماھىر ئامالغا،
ھەممە ئىشىڭ ئوڭشايدۇ.





ئامال ـ چارە تېپىشقا،
ئەقىل كېرەك، دىت كېرەك.
بۇنىڭ يولى ئۆگىنىش،
يوقتۇر ئۆزگە يول بۆلەك».

«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز مانا شۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئىكەن.



قايسىڭلار شېئىردىكى ۋەقەلىكنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ باقسىلەر؟



مەن بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار، ئىتائەتمەن بالىلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.



مەن بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ناھايىتى ئۈم ـ ئىناق ياخشى قېرىنداشلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.



مەن بۇ چۆچەكتىن ھەرقانداق ئىشتا پەم ـ پاراسەت ئىشلىتىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.




ئادەمنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

بىلىم ئالمىغان ياش،
تام تۈۋىدىكى تاش.

تۆۋەندىكى بالىلار ئويۇننى ئوقۇپ چىقىپ، سىلەرمۇ تەنەپپۇس ۋاقتىدا بۇ ئويۇننى ئويناڭلار.

## چامغۇر يۇلۇش ئويۇنى

بالىلاردىن بىرى تۈۋرۈك ياكى بىر تۈپ دەرەخنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. قالغان بالىلار ئۇنىڭ كەينىدە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بىرەيلەن دېھقان بولۇپ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان بالىنى قۇچاقلاپ (دېھقان چامغۇر يۇلغان ھالەتتە) تارتىدۇ. ئولتۇرغان بالا ئالدىدىكى بالىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. دېھقان بالا كۈچەپ تارتىدۇ. ئويۇن دېھقان بالا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىنى تارتىپ ئورنىدىن قوپۇرۇپ بولغۇچە داۋاملىشىدۇ.







بۇ ئويۇننىڭ بالىلارنىڭ دەرستىن پەيدا بولغان بېسىمنى يەڭگىللىتىشكە، ئىنكاسىنى تېزلىتىشكە، بەدەندىكى ماددا ئالماشتۇرۇش (مېتابولىزىم)نى ياخشىلاشقا پايدىسى تېگىدۇ.

كونىلار «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دەپ توغرا ئېيتقان.

# ماختانچاق پاقا

كۈز پەسلىدە بىر توپ غاز
ئۇچۇپ كەپتۇ كۆل ياقا.
سەپەر قىلغان غازلاردىن
گەپ سوراپتۇ بىر پاقا:



«ئاپئاق ـ ئاپئاق غازچاقلار،
سەپىرىڭلار قاياقتا؟»
غازلار جاۋاب بېرىپتۇ:
«ئىسسىق ياقتا جەنۇبقا».

يالۋۇرۇپتۇ پاقىجان:
«مېنى ئالغاچ كېتىڭلار.
قىش كەپقالدى كۈنۈم تەس
كىيىملىرىم يالاڭلا».





ئىچى ئاغرىپ غازلارنىڭ،
بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ.
ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى،
مۇنداق ئامال تېپىپتۇ.



بىر قومۇشنى ئىككى غاز
ئىككى چەتتىن چىشلەپتۇ.
ئوتتۇرىسىدىن پاقىمۇ
راسا مەھكەم چىشلەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پاقىجان
بىللە ئۇچۇپ مېڭىپتۇ.
پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا،
بىر مەلىگە كېلىپتۇ.



مەلىدىكى بالىلار
ھەيران بولۇپ قاراپتۇ.
چۇرقىرىشىپ غازلاردىن،
شۇنداق سوئال سوراپتۇ:

«خەير ـ خوش، ئاق غازچاقلار
ئىسسىق ياققا قايتتىڭلار؟
بۇنداق ياخشى ئامالنى
ئويلاپ تاپقان قايسىڭلار؟»

پاقا ئاڭلاپ بۇ سۆزنى،
ماختىناي دەپ ئويلاپتۇ.
سۆزلىمەيمەن دېسىمۇ،
ئادىتى يول قويماپتۇ.



«مەن» دېگەنچە پاقىنىڭ
ئاغزى ئاجراپ قومۇشتىن،
موللاق ئېتىپ چۈشۈپلا،
ئۆلۈپ قاپتۇ نومۇستىن.

## ماقال ـ تەمسىل:

ماختانما غاز،
ھۈنىرىڭ ئاز.
ماختانچاق ـــ بىكارچىغا ئويۇنچۇق.





## كۆنۈكمە

تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 غازلار پاقىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قانداق ئامال تاپتى؟

2 مەھەللىدىكى باللار غازلارغا نېمە دېدى؟ پاقا نېمە قىلدى؟ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

1 ماختانچاق ـ كەمتەر، جەنۇب ـ شىمال، قىيىن ـ ئاسان، ئىسسىق ـ سوغۇق، پىششىق ـ توڭ، تېز ـ ئاستا

2 تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

### بوۋامنىڭ نەسىھىتى

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا چوڭ دادام مەندىن سورىدى: «ئوغلۇم، <ماختىنىش> دېگەن گەپنى چۈشىنەمسەن؟ قانداق قىلسا ماختانچاقلىق قىلغان بولىدۇ؟». مەن: «بىلمەيمەن چوڭ دادا، ئەگەر بىرەر ئادىشىم ماڭا ئويۇنچۇقىنى ياكى يېڭى كىيىمىنى كۆرسىتىپ كۆز ـ كۆز قىلسا،

ماختانغان بولىدۇ» دېدىم. چوڭ دادام جاۋابىمنى ئاڭلاپ مەندىن ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە: «ئۇنداقتا باشقىلار ساڭا ماختانغان چاغدا قانداق قىلىسەن ئوغلۇم؟» دەپ سورىدى. «ماڭ يوقال! نېرى تۇر ھەي...» دەيمەن دېدىم مەن ھېچ ئىككىلەنمەي. بۇنى ئاڭلىغان چوڭ دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقاندا قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشىڭ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ كېرەك» دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ بۇرۇن خاتا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ۋە ئاللاھتىن بوۋامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم.




## تەبىئەت بىلىملىرى

پاقا تۇخۇمدىن چىقىپ قۇمچاققا، ئاندىن پاقىغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا پەقەت سۇدىلا ياشىيالايدۇ. چوڭ بولغاندا ئاندىن سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئاغزى يوغان ھەم كەڭ، تىلى ئۇزۇن. پاقىنىڭ تىلىدا ئالاھىدە بىر خىل يېپىشقاق سۇيۇقلۇق بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ كىچىك ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يېيىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. پاقىنىڭ دۈمبىسى يېشىل رەڭدە، قورسىقى ئاق رەڭدە بولۇپ، ناھايىتى سىلىق ۋە يۇمشاق. پاقىنىڭ تۆت تال پۇتى بولىدۇ. ئالدىدىكى ئىككى پۇتى قىسقا، كەينىدىكى ئىككى





پۇتى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇ سۇ ئىچمەيدۇ، تېرىسى ئارقىلىق سۇ سۈمۈرۈپ بەدىنىگە سۇ تولۇقلايدۇ.



بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

﴿ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بەرگۈچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

(ھەشر سۈرىسى 24 ـ ئايەت)

# تۆگە بىلەن ئۆچكە

بىر كۈنى تۆگە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدا ئوتلاۋاتقان ئۆچكىنى كۆرۈپ قاپتۇ دە، مەنسىتمىگەن هالدا:

— بوي ئېگىز بولسا نېمىدېگەن ياخشى-ھە، — دەپتۇ.



— توغرا ئەمەس، بوي پاكار بولسا ياخشى، — دەپتۇ ئۆچكە.

— مەن ساڭا بويى ئېگىز بولۇشنىڭ پاكارلىقتىن ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ تۆگە.

— مەنمۇ ساڭا پاكار بوينىڭ ئېگىز بويدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ ئۆچكىمۇ قەتئىيلىك بىلەن.

ئۇ ئىككىسى مۇنازىرە قىلغاچ مېڭىپ بىر گۈللۈك باغنىڭ يېنىغا كەپتۇ. باغنىڭ تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ شاخلىرى تامدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغۇدەك. تۆگە بېشىنى كۆتۈرۈپلا يوپۇرماقلارنى يەپتۇ. ئۆچكە ئالدىنقى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تامغا ئېلىپ، بوينىنى





ھەرقانچە سوزۇپ باقسىمۇ يېتەلمەپتۇ. بۇ چاغدا تۆگە:

— ھە، قانداق؟ ئەمدىغۇ قايىل بولغانسەن؟ — دەپتۇ. ئۆچكە



قوشۇلمىغاندەك بېشىنى چايقاپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان ئۆچكە يېقىنلا يەردە باغنىڭ تار ۋە پاكار بىر ئىشىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆچكە قەدەملىرىنى تېزلىتىپ باغقا كىرىپ، ئوت-چۆپلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. تۆگە بولسا تىزلىنىپ، بېشىنى پەس قىلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىپتۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ كىرەلمەپتۇ. ئۆچكە تۆگىگە قاراپ:

— ئۆزۈڭ ئېيتقىنە، كىمنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن؟ — دەپتۇ. تۆگىمۇ بېشىنى چايقاپ، قايىل بولماپتۇ.

بۇ چاغدا باغنىڭ ئىچىدە ئوتلاپ يۈرگەن ئات بۇ دەتالاشنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئات:

— بويى ئېگىز بولغانلىقىمۇ، پاكار بولغانلىقىمۇ ئۆزىگە يارىشا پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرى بار. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس؛ باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىلا كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرمەسلىكمۇ توغرا ئەمەس، — دەپتۇ.

## كۆنۈكمە

مەسىلنى ئۇنلۇك، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 تۆگە بىلەن ئۈچكە نېمە توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشتى؟ ئات نېمە دېدى؟ سىزنىڭچە قايسىسىنىڭ گېپى توغرا؟ نېمە ئۈچۈن؟

2 تېكىستنى روللارغا بۆلۈپ ئوقۇڭلار.

### بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ

ئات: «ئۆزىنىڭ (　　) كۆرۈپ، (　　) كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس. باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىلا كۆرۈپ، (　　) كۆرمەسلىكمۇ توغرا ئەمەس» دەپتۇ.

### مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

مەنستمەسلىك، ئىسپات، مۇنازىرە، باراقسان، قايىل بولۇش، بېشىنى چايقاش، قەتئىيلىك بىلەن





تۆگە ئۈچكىگە:

— بويى ئېگىز بولسا ياخشى، — دەپتۇ.

تۆگە ئۈچكىگە مەنستمىگەن هالدا:

— بويى ئېگىز بولسا ياخشى، — دەپتۇ.

— مەن ساڭا بويى ئېگىز بولۇشنىڭ پاكارلىقتىن ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ تۆگە.

— مەنمۇ ساڭا پاكار بويىنىڭ ئېگىز بويدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ ئۈچكىمۇ قەتئىيلىك بىلەن.

### تەبىئەت بىلىملىرى

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، بۈگۈن بىز بىرلىكتە تۆگە بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايلى ۋە بۇنى ئاتا-ئانىمىزغا سۆزلەپ بېرەيلى ماقۇلمۇ؟

تۆگە سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ قوش لوكىلىق ۋە تاق لوكىلىق دەپ ئىككى خىل تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى چۆللۈك ۋە قۇرغاق رايونلارغا ماسلىشالايدىغان قىلىپ ياراتقان بولغاچقا، ئۇ ئاساسەن قۇملۇق ۋە چۆللۈك رايونلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئىچىدە ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرىدىغان كلاپانسىمان بىر قەۋەت پەردە بار بولۇپ، كىرپىكىمۇ قوش قەۋەتلىك. شۇڭا ئۇ بوران-چاپقۇندىن قورقمايدۇ. تۆگىنىڭ لوكىسى «تەبىئىي سۇ ساقلاش ئامبىرى» بولۇپ، هېچقانداق سۇ ئىچمەستىن بەش كېچە-كۈندۈز

قۇملۇقتا ئۆز ئېغىرلىقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ بىمالال يۈرەلەيدۇ. كىچىك دوستلار، تۆگە بەك چىدامچانمىكەن؟!

ئەمما، ئاللاھ تائالا مۇشۇنچىۋالا يوغان بىر جانىۋارنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھەمراھى ھېسابلانغان ئىدى. قۇربان ھېيت كۈنى تۆگىنى قوچقار ۋە كالىغا ئوخشاشلا قۇربانلىق قىلىمىز، سىلەر تۆگىنىڭ تۇرقى شۇنداق يوغان تۇرۇپمۇ ناھايىتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىككى پۇتىنى چۆكتۈرۈپ ياتقانلىقىنى كۆرگىنىڭلاردا، ئىختىيارسىز مېھرىبان، بۈيۈك رەببىمىزنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلىمەي تۇرالمايسىلەر: «ئۇلار قارىمامدۇ، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى؟» (سۈرە غاشىيە 17 ـ ئايەت).






# ئاساسىي مەشىق

مەرھۇم شائىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرى بىزگە تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

## بولمىسا

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس، گۈلدەك پۇراقى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس، مەزمۇن تۇراقى بولمىسا،
ئىككى پۇتلاپ ماڭارمىش ئېيىقمۇ بەزەن تىك تۇرۇپ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس، ئادەم سىياقى بولمىسا.

ئادەمنى ئادەم ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،
ھۆسنى بىر سۈرەت ئىرۇر دىلنىڭ چىراغى بولمىسا.
بىر مىسال پانۇسنى كۆر شام ـ چىراغسىز يۇرۇماس،
نۇر چاچامدۇ شام ـ چىراق، پىلەك ۋە ياغى بولمىسا.




مەسلەن:

كۈچ ـ قۇۋۋەت، ماغدۇر        كۆپ، نۇرغۇن، جىق، تولا
چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم        زېمىن، يەر، تۇپراق




مەسىلەن:

ئات (هايۋان)، ئات (ئىسىم)، ئات (بۇيرۇق)

ئوت (كۆيىدىغان)، ئوت (هايۋاناتلار يەيدىغان)

رەتلەپ يېزىڭ

1 ختايلارغا مۇسۇلمانلىرى ئەگمەيدۇ مەڭگۇ باش ئۇيغۇر

2 بولسا باتۇر ۋە خەلقى ئەقىللىق خەلق غۇلجا مېهماندوست

3 ئىش هە نېمىدېگەن يادلاش قۇرئان شەرەپلىك




ساۋاقداشلار، تۆۋەندىكى هايۋانلارنىڭ ئىچىدىن گۆشخور هايۋانلارنى ئوڭ تەرەپكە، ئوتخور هايۋانلارنى سول تەرەپكە ئايرىڭلار. ئاللاه تائالانىڭ ماهىر بىر ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىرلىكتە ئەسلەيلى!

تۆگە، ئات، ئۆچكە، كىت، زىراپە، سۇ كالىسى (بېگمۇت)، تىمساه، تاشپاقا، قوي، مۇشۇك، دىلفىن، سىرتلان، ئىت





| گۆشخور هايۋانلار | ئوتخور هايۋانلار |
|---|---|
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |



تۆۋەندىكى هېكايىنى ئوقۇپ تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

بىر كىشى مەلۇم سورۇنغا قاتنىشىۋېتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مۇئەللىم، مېنى ئېسىڭىزگە ئالالىدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. مۇئەللىم ئۇ كىشىگە بىرهازا قارىۋەتكەندىن كېيىن: «ياق، سېنى ئەجەب ئېسىمگە ئالالمىدىمغۇ» دەپتۇ. ئۇ كىشى: «مۇئەللىم، مەن ئەينى ۋاقىتتا سىنىپتىكى ساۋاقدىشىمنىڭ سائىتىنى ئوغرىلىۋالغان بالا

بولمەن. ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟ بىر سائەتلىك دەرسىڭىزدە سىنىپتىكى بىر بالىنىڭ سائىتى يوْتۇپ كەتتى، ئاندىن سىز ھەممىمىزنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ھەممەيلەننىڭ تام تەرەپكە بېرىپ تۇرۇشىمىزكېرەكلىكىنى بۇيرۇق قىلدىڭىز. راستىنى ئېيتسام، مەن شۇ چاغدا بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. چۈنكى، ئاشكارىلىنىپ قالسام سىنىپتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەكتەپتە ئوغرى ئاتىلىپ قالاتتىم. لېكىن سىز ھەممىمىزنى كۆزنى چىڭ يۇمۇۋېلىشقا بۇيرۇدىڭىز. بىز ھەممىمىز سىز دېگەندەك قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن سىز ھەممىمىزنىڭ يانچۇقىنى بىر ـ بىرلەپ ئاختۇرۇپ چىقتىڭىز، ھەتتا مېنىڭ يانچۇقۇمدىن سائەتنى تېپىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىڭىز. ئاخىرىدا ھەممىمىزنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدىڭىز شۇنداقلا، سائەتنى كىمنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنىمۇ ئېيتمىدىڭىز. قانداق؟ مۇئەللىم، ئەمدى مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ؟» دەپتۇ.

مۇئەللىم ئۇ كىشىگە بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «بالام، مەن سېنى راستىنلا ئەسلىيەلمىدىم. چۈنكى، ئۇ كۈنى مەنمۇ كۆزۈمگە لاتا تاقاپ يانچۇقۇڭلارنى ئاختۇرغان ئىدىم. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى، مەن دائىم سىلەرگە قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەندە <باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىدىن كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار> دەپ تەربىيە قىلاتتىم. ئۆزۈمنىڭ گېپىگە ئۆزۈم ئەڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلىشىم كېرەك شۇنداققۇ؟!». ئۇ كىشى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.





## كىم ئەقىللىق

قېنى قايسىڭلار تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تاپالايسىلەر؟

ئاجايىب بىر جانىۋار،
تاشتىن قاتتىق تونى بار.
دەسسەپ ئۆتسە تراكتور،
پىسەنت قىلماي جىم تۇرار؟

تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار ۋە بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن مەزمۇننى ئاتا ـ ئاناڭلارغا سۆزلەپ بېقىڭلار.

سەھل ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇقلاپ تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <سۆزلىيەلمەيدىغان بۇ ھايۋانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنى ياخشى بېقىپ مىنىڭلار، ياخشى بېقىپ يەڭلار> دېدى» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

## بۆرە كەلدى

بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا كۈندە تاغقا قوي باققىلى چىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يەنە قوي باققىلى چىقىپتۇ.



قويلارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، تۇرۇپ كاللىسىغا «كىشىلەرنى بىر ئەخمەق قىلمايمۇ» دېگەن ئوي كېچىپتۇ ـ دە، پەسكە قاراپ:

—— بۆرە كەلدى! ۋاي بۆرە كەلدى! دەپ توۋلاپتۇ.

تاغ باغرىدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەر يۈگۈرۈپ تاغقا چىقىشسا بۆرە كۆرۈنمىگۈدەك. قويچى بالا بولسا خىرىلداپ كۈلۈپ:



—— بۆرە كەلمىگەنتى، مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان،

—— دەپتۇ.

ئەتىسى قويچى بالا يەنە ئۇلارنى ئالداپ: «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ توۋلاپتۇ. كىشىلەر هاپىلا ـ شاپىلا ئىشلىرىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقسا، يەنە قويچى بالا ئۆزلىرىنى ئالدىغانىكەن. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۇلار



## 3 ـ بۆلەك: ئەدەپ ـ ئەخلاق



ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش ياخشى بالا بولۇشنىڭ مۇهىم ئۆلچىمى هېسابلىنىدۇ. قانداق قىلغاندا ئەخلاقلىق بولغىلى بولىدۇ؟ قېنى ئۇنداقتا دەرس مەزمۇنلىرىغا دىققەت قىلىڭ.

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تاغدىن چۈشۈپتۇ.



ئۆگۈنى راستتىنلا بۆرە كەپتۇ. بۇ قېتىم قويچى بالا «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ جان-جەھلى بىلەن توۋلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر «ئۇ يەنە بىزنى ئالداۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ تاغقا چىقماپتۇ. نەتىجىدە، بۆرىلەر قويلارنىڭ ھەممىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.



ساۋاقداش، قېنى دەپ بېقىڭچۇ، كىشىلەر نېمىشقا بۆرىنى قوغلىغىلى تاغقا چىقمىدى؟

**ماقال:**

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ.





## كۆنۈكمە

تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار، ئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1. بالا مەھەللىدىكى كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئالدىماقچى بولدى ۋە قانداق ئالدىدى؟
2. راستتىنلا بۆرە كەلگەندە مەھەللىدىكى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن قويلارنى قۇتقۇلدۇرغىلى بارمىدى؟
3. بۇ ھېكايىدىن نېمىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ؟



تۆۋەندىكى مىساللارنى ئوقۇپ چۈشەنچىڭىزنى بايان قىلىڭ.

**1-مىسال:** مۇھەممەد ئۆيدە توپ ئويناۋېتىپ، ئۆيدىكى قاچىدىن بىرنى چېقىپ سالدى ۋە بۇ ئىشنى ئىككى ياشلىق ئۇكىسىغا دۆڭگەپ قويۇپ قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇ سەۋەبتىن كېيىنچە ياخشى ئۇخلىيالمىدى. دوستلار، سىلەرچە مۇھەممەدنى بىئارام قىلغان نەرسە نېمە؟

2 ـ مىسال: توققۇز ياشلىق جەئفەر كەچلىك تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپ، دادىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كومپيۇتېر كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى جەئفەرنىڭ نامازشام ۋاقتى بولسىمۇ، يەنىلا كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «بالام، ناماز ئوقۇڭ، مانا تاھارەت سۇيىڭىز» دەپ چۆگۈننى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. خۇپتەن نامىزىغا ئەزان چىققان ۋاقىتتا جەئفەر ئۆزىنىڭ شام نامىزىنى قازا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇ: «ئەگەر ئاتا ـ ئانام <ناماز ئوقۇدىڭىزمۇ؟> دەپ سوراپ قالسا، راست گەپ قىلىپ خاتالىقىمنى تونۇسام بولامۇ ياكى يالغان گەپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىۋاتاتتى. كىچىك دوستلار، سىلەرچە جەئفەر قانداق قىلسا توغرا بولىدۇ؟

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

يالغان ـــ راست، ئىشىنىش ـــ ئالداش، يىراق ـــ يېقىن، ساختا ـــ چىن





## تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋېرىپ، تاكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا <راستچىل> دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەقىقەتەن يالغانچىلىق قىلىۋېرىپ، تاكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا <يالغانچى> دەپ پۈتۈلىدۇ»

(بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

# ئەھمىيەتلىك مۇكاپات

بۈگۈن مەكتەپتىن كېچىكىپ قايتقان بولساممۇ، خاتىرجەم ۋە كۆڭلۈم توق ھالدا ئۆيگە كىردىم. ئادىتىم بويىچە دادام ۋە ئاپام بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، سومكامنى كىيىم ئاسقۇغا ئاستىم. ھەرھالدا كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەن. دادام، ئاپام ۋە سىڭلىملار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. تاماقتىن كېيىن دادام بۈگۈنكى ئوقۇش ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن دادامنىڭ سوئاللىرىغا ھودۇقماي، تەمتىرىمەي جاۋاب بەردىم. كۆڭلۈم مۇقەررەر سورىلىدىغان ئاخىرقى سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرايتتى. مەن تەقەززا بولۇۋاتقان سوئال ئاخىرى سورالدى:

—— بۈگۈن ئۆيگە كېچىكىپ كەلدىڭغۇ؟

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ كېچىكىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەب-جەريانلىرىنى سۆزلىدىم.

—— ئۆيگە قايتىۋاتقىنىمدا مەھەللىمىزدىكى ئەھمەد بوۋام ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغىنىنى بىلىسەن. مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى. ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىشىمگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپلا ماڭا بىر ھاجىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان يېقىنى يۈسۈپكامنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن بېرىپ قايتىدىغان چاغدا يېنىدىن





ئايرىمايدىغان ئامراق يانچۇق سائىتىنى شۇ يەردە ئۇنتۇپ قېلىپ يېنىپ كەپتۇ. قايتا باراي دېسە، بىر قېتىم بېرىپ كېلىپ ھېرىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا سائىتىنى ئەكىلىپ بەرگۈدەك بىرەرسىنى ساقلاپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن. نەق ئۈلگۈرۈپ مەن ئۇچراپتىمەن. يۈسۈپكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سائەتنى ئەھمەد بوۋامغا ئەكېلىپ بەردىم. ئەھمەد بوۋام ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. ساڭا مۇكاپات بېرەي دەپ نەچچە تال كەمپۈت تەڭلىگەندى، خېلى زورلىسىمۇ مەن ياخشى ئىش قىلغىنىمغا ھەق ئالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. سەن ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەنغۇ؟ مەن سېنىڭ ئۆگەتكىنىڭدەك قىلدىم، دادا.

—— يارايسەن ئوغلۇم، ياخشى ئىش قىلىپسەن، —— دېدى دادام مېنى ماختاپ.

مەن ئاپام بىلەن سىڭلىم پاتىمەگە مەغرۇر قاراپ قويۇپ دادامغا ئەركىلىدىم:

—— دادا، ئوقۇشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشسەك مۇكاپاتلايتتىڭىز، ياخشى ئىش قىلساقمۇ مۇكاپاتلامسىز؟

—— ئەلۋەتتە مۇكاپاتلايمەن.

ئاپام بىلەن سىڭلىم دەرھاللا دادامغا قارىدى. مەنمۇ دادامدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتىم.

—— سېنى ئىككى نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاي، بىرىنچىسى، لەتىپە؛ ئىككىنچىسى، قورساققا يەيدىغان ئوبدان نەرسە. قېنى، قايسىسىنى ئاۋۋال ئالىسەن؟

مەن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «ئاۋۋال لەتىپە ئېيتىپ بېرىڭ!» دېدىم. سىڭلىم «مەنمۇ ئاڭلايمەن» دەپ ماڭا چاپلىشىپ ئولتۇردى. دادام لەتىپىنى باشلىدى: «نەسىردىن ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ ۋە: ‹ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭە؟» دەپتۇ. ئەپەندىم ئۇ ئادەمگە: «بۇ دۇنيادا



باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۆلگۈچە يادىڭىزدا ساقلاڭ. سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولسا، دەرھال ئۇنتۇپ كېتىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دادامنىڭ بۇ «مۇكاپاتى»نى ئاڭلاپ، خۇددى يېڭى پىششىقا باشلىغان چۈچۈك ئالمىنى يېگەندەك بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. دادام ئەپتىمگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، بۈگۈن ياخشى نەتىجە بىلەن قايتىپسەن، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئادەم بولۇشقا تىرىشقىن. بىراق سەن بۇ بىرىنچى ‹مۇكاپات›تىن سەل رەنجىپ قالغاندەك تۇرىسەن، ئۇ لەتىپىنى ئېيتىشىم ھەرگىزمۇ سېنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىڭغا سوغۇق سۇ





سەپكىنىم ئەمەس. ‹ياخشى ئىش قىلدىم› دەپ ئۆزۈڭدىن قانائەتلىنىپ قالما، ساۋاقداشلىرىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمە. ياخشى ئىش قىل، بىراق ماختانغۇچى بولما. قىلغان ياخشى ئىشىڭنى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى تەمە قىلما. ماختانچاقلىق ياخشى ئادەت ئەمەس. قىلغان ياخشى ئىشىمىزنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھتىن كۈتسەك يېتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقنى قانچە كۆپ قىلالىساڭ قىلغىنىڭنى، ھەرگىز داۋراڭ سالما، ئوغلۇم».

دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن يۈزۈم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئىچىمدە ئۆز-ئۆزۈمگە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەردىم. شۇ ئەسنادا ئانام دادامنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئاشخانا ئۆيدىن بىر دانە تاۋۇز بىلەن داستىخاننى كۆتۈرۈپ چىقتى. دادامدىن ئالغان ئىككىنچى قېتىملىق ئەھمىيەتلىك «مۇكاپات» بايىقى خىجىللىقىمنى يوق قىلىۋەتتى. دادامنىڭ «مۇكاپات»ىدىن ئىنتايىن لەززەت بىلەن كۈلكە-چاخچاق ئىچىدە ھۇزۇرلاندۇق.

## كۆنۈكمە

تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 تېكىستتىكى «مەن» نېمە ئۈچۈن كېچىكتى؟ ئۇنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟

2 دادىسى تەمەخورلۇق ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا نېمە دەپ نەسىھەت قىلدى؟

3 تېكىستتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي مەزمۇن نېمە؟



تېكىستتە ئۇچرىغان يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە مەنىسى يېقىن بولغان سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مۇقەررەر، سوغۇق سۇ سەپمەك، داۋراڭ سالماق، لەززەتلىك، ئىشارەت قىلىش، تەمەخورلۇق، لەتىپە، مەغرۇر، دەرھال




تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلاڭلار.

باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭكى، ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

يالغانچىلارنى قانداق ئايرىيسىز؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلارنىڭ پۈتۈشكەن ۋاقىتقا رىئايە قىلغان-قىلمىغانلىقىدىن.

گۈزەل ئەخلاق بىباھا گۆھەر. يامان ئىش قىلماسلىق بولسا گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى.







تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار ۋە ئوقۇش ئاھاڭىغا دىققەت قىلىڭلار.

سېلىشتۇرۇڭ

ئىلىم سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسە.
ئىلىم سېتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىمۇ؟!

يالغان گەپ قىلىش ئەخلاقلىق بالىنىڭ ئىشى ئەمەس.
ئەخلاقلىق بالىمۇ يالغان گەپ قىلامدۇ؟!

ئابدۇللاھنىڭ دوستى يوقمىكەن؟
ئابدۇللاھنىڭ دوستى بارغۇ.

تۆۋەندىكى يۇمۇرنى ئوقۇپ كۈلۈۋېلىڭلار :

## مۇكاپات

بالا : ئانا، ئەگەر مەن ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالسام نىمە بىلەن مۇكاپاتلايسىز؟

ئانا : ئون سوم بىلەن مۇكاپاتلايمەن!

بالا : ئۇنداق بولسا مېنى بەش سوم بىلەن مۇكاپاتلاڭ!

ئانا : نېمىشقا؟

بالا : بۇ قېتىمقى تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھانىدا 50 نومۇر ئالدىم ـ دە!





# ئەپ بولۇشتى ئىككىسى

گەپ تالىشىپ قېلىشتى،
ئاينۇر بىلەن گۈزەلئاي.
ماي تارتىشىپ خېلى كۈن،
يۈردى گەپ ـ سۆز قىلىشماي.




ساۋاقداشلار بۇ ئىشنى،
«توغرا ئەمەس» دېيىشتى.
ئىككىسىنى بىر كۈنى،
ئەپ قىلماق بوپ كېڭىشتى.

مەسلىھەتتە بۇ ئىشنى،
توغرىلاپ بىر كۈنىگە.
ئېلىپ باردۇق ئاينۇرنى،
گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە.

ئىمانلاشتۇق بىز ئاۋۋال،
ئۇلتۇردۇق ھەم تاماققا.
ئارىدىكى سوغۇقلۇق،
كەتتى ئۇچۇپ يىراققا.

قول تۇتۇشۇپ قايتىدىن،
ئەپ بولۇشتى ئىككىسى.
جاراڭلىدى يېقىملىق،
چىن دوستلۇقنىڭ كۈلكىسى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال بولمايدۇ. كىمكى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).



## ماقال - تەمسىللەر

دوستتىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قوساقنىڭ توقلۇقى.

دوستقا ئىناق بول،
دۈشمەندىن يىراق (بول).





## كۆنۈكمە





قايسىڭلار شېئىردىكى ۋەقەلىكنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ باقىسىلەر؟

### مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

مـاي تارتىشىش ـ دومسىيىش، ئەپ بولماق ـ ياراشماق، كېڭىشمەك ـ مەسلىھەتلەشمەك



بۇگۈنكى دەرس مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

1. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى، دىنى ۋە كىتابى بىر ئىكەن، ئەمما، قەلبى بىر ئەمەسكەن. ـــــ جالالات شىڭ شىسەي

2. ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).
ـــــ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

3 بىر تال چوكىنى سۇندۇرۇش ئاسان بولغان بىلەن، بىر تۇتام چوكىنى سۇندۇرۇش قىيىن. ــــ دانالار ھېكمەتلىرى



## تۆۋەندىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار

بىر، ئىككى، ئۈچ،
ئىتتىپاقلىق كۈچ.
چەيلەپ يانجىيمىز،
دۈشمەن كەلسە دۈچ.





## ئاساسىي مەشىق




گۈزەل ـ چىرايلىق، مەنزىرە ـ كۆرۈنۈش، چارە ـ ئامال
كەڭ ـ چەكسىز، ئەقىللىق ـ زېرەك، دائىم ـ ھەمىشە




پىششىق ـ خام، ئىچى ـ سىرتى، يېقىن ـ يىراق، يورۇق ـ قاراڭغۇ، ئاستى ـ ئۈستى، ئاز ـ كۆپ



بەزى ۋاقىتلاردا سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىسى يەنە قوش تىرناق («») ئىچىگە ئېلىش بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ ياردىمىدە تۆۋەندىكى جۈملە ۋە قىسقا ماقالىنى ئوقۇپ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

❖ تۇرمە ـ لاگېرلاردىكى خەلقىمىزنىڭ «گۇناھى» بولسا، يىغىنغا بارماسلىق، خىتايلارنى ياخشى كۆرمەسلىك ۋە چوشقا گۆشى يېگىلى ئۇنىماسلىقى ئىكەن.

❖ بىرىنچى يىللىقتا بەش يىل ئوقۇيمۇ ساۋادى چىقمىغان بۇ «ئەقىللىق» بالا ھەممەيلەننىڭ بېشىنى قاتۇردى.

❖ گۈلزار بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، سىنىپ مۇدىرى ئۇلارغا «مېنىڭ دادام» دېگەن تېمىدا بىر پارچىدىن ماقالە يېزىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. گۈلزار ماقالىسىنى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى...

## «يالغانچى» دادام

مېنىڭ دادام «يالغانچى»، ئۇ دائىم «مەن گۆش يېيىشنى ياقتۇرمايمەن» دەيدۇ. بىراق، مەن قەستەن ئاشۇرۇپ قويغان گۆشلەرنى پاك ـ پاكىز يەۋېتىدۇ. مېنىڭ دادام «يالغانچى»، ھەر يىلى ھېيت ـ بايراملاردا ماڭا چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىراق، ئۆزى كونا كىيىم، يىرتىق ئاياغلارنى كىيىدۇ. «دادا، ئايىغىڭىز يىرتىلىپ كېتىپتۇ، سىزمۇ يېڭى ئاياغ كىيسىڭىز بولمامدۇ؟» دېسەم، «ھېچقىسى يوق قىزىم، مەن جامائەتتىن تارقاتقان ئاياغنى كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن» دەيدۇ. مېنىڭ دادام «يالغانچى»، دادام ھەركۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئاغرىقچان ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئىشقا ماڭىدۇ. ئاپام دادامغا: «بىردەم ئارام ئېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟» دېگىنىدە، «بولدى ھارمىدىم» دەيدۇ. لېكىن، قوشنىلاردىن ئاڭلىساق، دادام دائىم چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مۈگدەپ ئۇخلاپ قالىدىكەن. مېنىڭ دادام «يالغانچى»، جامائەت مەسئۇللىرى ئۆيگە كىرىپ: «نېمە قىيىنچىلىقىڭلار بار؟» دەپ سورىسا، دادام: «ئاپىسىنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، جامائەت بۇ ياردەمنى بىزدىنمۇ ئېھتىياجلىقلارغا بەرسۇن، رەھمەت سىلەرگە» دەپ ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىپ ماڭغۇزۇۋېتىدۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، مەن دادامنىڭ كېسەلچان ئاپامغا قاراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن بىلىمەن، دادامنىڭ «يالغانچى»لىقى بىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، بەختلىك قىلىش ئۈچۈن... مەن بۇ «يالغانچى» دادامنى ياخشى كۆرىمەن. دادا، ئاپا، مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ سىلەرنىڭ ئۈمىدلىرىڭلارنى ئاقلايمەن، سالىھەلەردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن!



ئۈچىنچى بۆلەك

### سۆز ئالماشتۇرالايمەن

1 ئەي بالام، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگىن.
(      )

2 شى كاپىر، خۇ كاپىر... دېگەنلەر ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى. (      )

# 4 ـ بۆلەك : ئەجدادلار ئىزىدىن

بىز مۇسۇلمان پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدىغان ياش ئىزباسارلارمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ بابتا بىزدىن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.



3) هاكاۋۇر كىشىنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. (          )

## كۆچۈرۈۋالاي ۋە ئەستە ساقلىۋالاي

❖ هايۋان يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، لېكىن ئادەم ياشاش ئۈچۈن يەيدۇ.

❖ مۇسۇلمان كىشى ھېچقاچان زۇلۇمغا سەۋر قىلىپ ياشمايدۇ.

❖ ۋەز ـ نەسىھەت ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ ئۆزى كۇپايە.



ئۈلگە بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭ،
تۈزگەن جۈملىڭىز تۆت ئاملنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن

بېرىلگەن سۆزلەر : يۈگۈرۈش ئوقۇش كۆرۈش يېزىش

ئۈلگە : مەن چۈشتىن كېيىن قىرائەتخانىدا گېزىت ئوقۇدۇم.

(ئادەم) (ۋاقىت) (ئورۇن) (ئىش)

## يېتىملار غەمگۇزارى ئابدۇقادىر داموللام

قەشقەر...!



1920 - يىلى قىش ئاسمىنىنى تۇمان قاپلىغان، قۇياش خۇددى پەردە ئارقىسىدا يانغان شامدەك غۇۋا كۆرۈنمەكتە. شەھەرنى قەھرىتان سوغۇق قاپلىغان. رەستە كوچىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئەتىگەنلىكى سۈپۈرۈپ تازىلانغاندىن كېيىن، نېپىز سۇ چېچىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قەۋەت مۇز قاتقان ئىدى. قەشقەر قانداقلا بولمىسۇن نوچى شەھەر ئىدى. قەھرىتان سوغۇققا قارىماستىن تۈمەن دەرياسى بويلىرىدا، يۇمىلاق شەھەر كۆلىدە، تۈرۈمتاي كۆللىرىدە ياشلار مۇز تېيىلىپ ئوينايتى.

شەھەرنىڭ ھامام كوچىسىدا بىر توپ جېنى چىڭ، تېخىمۇ نوچى باللار بار ئىدى. بۇ باللارنىڭ ئۈچىسى يېرىم يالىڭاچ، پۇتلىرى يالاڭئاياق ئىدى.` بۇلار سوغۇقتىن قورقمايتتى. ئەمما، ھامام كۆلخانىسىنى تولاراق چۆرگىلەيتتى. بۇ بىر توپ باللارنىڭ باش-كۆزلىرى كۆلگە بولغانغان، چاچلىرى پىتلاپ كەتكەن بولۇپ، گەدەنلىرىنى





ياپقان ئىدى. قوللىرى قاسماق، كىرلەشكەن، ئەمما كۆزلىرى قۇمچاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان جېنى چىڭ باللار ئىدى. بۇ باللار زېرىككەندە بىر-بىرىنى كۆلگە بېسىشىپ ئوينايتتى. قورساق ئاچقاندا، يۈگۈرۈپ بېرىپ ناۋايخانا، ئاشخانىلاردىن تىلەمچىلىك قىلىپ، تاپقان نەرسىسىنى يەپ قورساق تويغۇزاتتى. كېچىسى ھامام كۆلخانىسىنى ماكان قىلاتتى، لېكىن شۇنداق بولغىنى بىلەن بۇ باللارنىڭ بەدەنلىرى چىڭ، مەڭزىلىرى تولۇق ۋە قىپقىزىل ئىدى. كىشىلەر بۇ باللارنى كۆرگەندە «توڭ تېزەكتەك چىڭ باللار ئىكەن» دەپ ھەيران بولۇپ ئۆتۈشۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى بۇ باللار كۆلخانىدىن چوغ تېپىپ، چوغنى قولدىن-قولغا يۆتكەپ، «كىم يىراققا يەتكۈزىدۇ» دېيىشىپ، ئەمەلىيەتتىمۇ قولدىكى چوغنى يىراققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ شوخ ئوينىشىۋاتاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوتتۇرا بويى، كەڭ يەلكىلىك، چاقماقتەك ئۆتكۈر كۆزلۈك، كەكە ساقال بىر ئادەم كېلىپ بۇ باللارغا ئېچىنىشلىق نەزەر تاشلىدى ۋە ئاستا قەدەم بېسىپ يېقىنلاپ كەلدى.

—— ئەزىز باللىرىم، قەدىرلىك باللىرىم، جېنىم باللىرىم! دەيتتى ئۇ كىشى چەكسىز مېھىر بىلەن. بۇ كىشى ئۇلارغا يېقىنلاپ سورىدى:

—— ئەي ئەزىز پەرزەنتلىرىم، نېمە ئۈچۈن بۇ كۆلخانىدا ياتىسىلەر؟ ماكانىڭلار يوقمۇ؟

—— دادا! دېدى باللاردىن بىرى، سوغۇق دېگەن يامان ئىكەن، كۆلگە كىرىۋالدۇق، بالا سۆزلەپ بولۇپلا يېنىدىكى باللارغا قاراپ تىلىنى چىقاردى.

—— ئاتا ـ ئانىمىز بولسا، ئۆي ـ ماكانىمىز بولسا بىزمۇ سەندەلگە[1] چىقىپ كىرىپ يوتقاننى يېپىنىپ ئۇخلايتتۇق..!

—— باركاللا، تېخىمۇ توغرا جاۋاب بەردىڭ! باركاللا..!

بۇ چاغدا يەنە بىر كوچىدىن بىر تىلەمچى ئايال چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرالدى.

بۇ كىشى ئايالغا ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا قاراپ:

—— سىڭلىم... باللىرىڭىزنىڭ كىيىمى بەك نېپىزكەن، سوغۇقتا توڭلاپ قالمىسۇن! دەپ ئايالغا يېقىنلاپ بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە :

—— بولماپتۇ بولماپتۇ!... مۇنداق قىلايلى! يۇرۇڭلار، ھەممىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭلار! مېھمان بولۇڭلار! سىلەرگە ئوت سىندۇرۇپ ئىسسىتاي، تاماق بېرىپ تويۇندۇراي، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ مەن بىلەن يۈرۈڭلار، ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلاي! دېدى. بۇ كىشى ئايالنى ھەم بىر توپ بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كەتتى.

مانا بۇ ئاقكۆڭۈل ۋە رەھىمدىل كىشى مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام ئىدى.

---

(1) سەندەل —— قىشنىڭ كۈنلىرى سوغۇقتا پۇت ـ قوللارنى ئىسسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىچىگە چوغ سېلىپ قويۇلىدىغان تەلەڭگە شەكىللىك بىر خىل سايمان؛ چوغدان.





## كۆنۈكمە




تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1. بالىلار نېمە ئۈچۈن ھامامىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيدۇ؟
2. نېمە ئۈچۈن ئابدۇقادىر داموللام بۇ يېتىم بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىدۇ؟

## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

قەھرىتان، كەڭ يەلكىلىك، غەمگۇزار، رەھىمدىل، ئۆتكۈر، ھامام سەندەل







ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ ياردىمىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭلار ۋە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتىدىن قىسقا بىر پارچە كۆرۈنۈش يېزىڭلار.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

«يېتىمنى خارلىما [9]. سائىلغا قوپاللىق قىلما [10]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېئمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېئمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېئمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)» (سۈرە زۇھا 9 ـ ئايەتتىن 11 ـ ئايەتكىچە).








# بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى

مەھمۇد قەشقەرى 11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق تىلشۇناس ۋە كاتتا ئالىم. ئۇ پادىشاھ جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپلەرنى قوياتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىككىنە مەھمۇدمۇ ئىلىمگە ھېرىسمەن ۋە تىرىشچان بالا ئىدى.

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇشچاقچاق، چەبدەس، چاققانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستە ساقلاش



قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان ھەربىي ئىلىملەردىن ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى؛ دىنىي ئىلىملەردىن ناماز سۈرىلىرى، ھەپتىيەك، قۇرئان كەرىم، ھەدىس، ئىلمىي شەرئىيەتكىچە؛ دۇنيالىق ئىلىملەردىن ھېساب، تىلشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە... ئىلىملىرىنى تېز سۈرئەتتە ئىگىلەپ بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ يۇرت سوراپ بىرەر يۇرتقا

هۆكۈمران قىلىشتىن ئىبارەت ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، ئۆز ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېشى 30 غا يېقىنلاشقاندا، ئۇ شۇ دەۋردىكى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «ھامىدىيە مەدرىسى»نى تۈگىتىپ، يېتىلگەن ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەرەب ۋە تۈركىي تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ياش ئالىم ئىلمىنى تېخىمۇ پۇختىلاش، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ۋە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە، پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى كېزىپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى بېسىپ، تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر ـ قىشلاقلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى، تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات توپلاپ خاتىرە قالدۇرىدۇ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەرقلىرى ۋە ئوخشاشلىقى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.


مەھمۇد قەشقەرى 15 يىل يۇرت كېزىپ 30 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىلىم سەپىرى شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىنىپ، ئاخىرى باغدات شەھىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. باغدات ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى بارچە ئالىملار توپلاشقان ئىلىم ماكانى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ئارقىلىق ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن





يىللىق ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەتنى يېزىپ چىقىدۇ.

ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بۇ ئىلىم پەرۋانىسى ئىلىم ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىسىنى بەدەل تۆلەشتىن يانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم»، «موللا ھەزرىتىم» دېگەن نامى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىدە ئەسلىنىپ تۇرىدۇ.







تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 مەھمۇد قەشقەرى كىم؟

2 مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

3 مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نامى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئەسلىنىپ تۇرىدۇ؟




ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپلەرنى قوياتتى.

__________ قالماستىن، بەلكى __________.

مەھمۇد قەشقەرى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، ئۆز ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەتتى.

__________ ئەكسىچە، __________.

ئۇ پادىشاھ جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپلەرنى قوياتتى.

__________ بولغاچقا، __________.





## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، ئىلىم پەرۋانىسى، بەدەل تۆلەش، يېتىلگەن ئالىم، ئىلمىي ئىزدىنىش، ھۆكۈمران قىلىش، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەت

تۆۋەندىكى ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۈگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت ئىزلە، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش. ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بول، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدە. ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ئاسان ھودۇقۇپ قالىدۇ.



# شەرەپلىك ئىنسان

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاي، بەرىكەتلىك شام دىيارى. بۇ ۋاقىتلاردا زالىم ئەسەد ھۆكۈمىتى بىلەن مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدا ھەلەب مەركىزىي تۈرمىسىنى تالىشىش جېڭى بولۇۋاتاتتى. ھەلەب مەركىزىي تۈرمىسى سۈرىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بولغان ھەلەب ۋىلايىتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئورۇن ئەسەد ھاكىمىيىتىنىڭ ھەلەب ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئورنى، شۇنداقلا نەچچە مىڭ مۇسۇلمان مەھبۇس قامالغان ئەڭ چوڭ تۈرمىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. زالىم ھۆكۈمەت ھەلەب ۋىلايىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. مۇجاھىدلار بۇ رايوننى كاپىرلاردىن تازىلاش ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، جەڭ ۋەزىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىغان ئىدى.

ھەر قېتىملىق جەڭدە ئەنسار مۇجاھىدلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە





تەرەپ جەڭ قىلىۋاتقان تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان جەڭگىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. قەلبى ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە مەزلۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىش ئارزۇسىدا قەلبى ئوت بولۇپ يانغان بۇ يىگىتلەر شىجائەت ۋە باتۇرلۇقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆز قانلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ يىگىتلەرنىڭ بىرى دەل ئابدۇلخەبىر رەھمەھۇللاھ ئىدى. ئابدۇلخەبىر رەھمەھۇللاھ بۇ قېتىم ھۇجۇمچى گورۇپپا ئىچىدە پىلموتچى بولۇپ جەڭگە قاتناشتى.

جەڭ باشلاندى. باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن نۇقتىسىغا ئىلگىرىلەپ كەلگەن مۇجاھىدلار كاپىرلارنىڭ شىددەتلىك ئوقلىرىغا دۇچ كەلدى، ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان غالجىر ئىتلاردەك قاتتىق تىركەشمەكتە ئىدى. يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ بومبا ئېتىش باشلىنىپ كەتتى. ئابدۇلخەبىرمۇ تەكبىر توۋلىغان ھالەتتە پىلموت بىلەن دۈشمەنلەرگە ئوق ئۈزۈۋاتاتتى. بىرتال بومبا ئۇنىڭغا يېقىنلا جايغا چۈشتى ۋە بومبىنىڭ تۆمۈر پارچىسى ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى. ئەمما، ئۇ قانلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، يەنىلا ئېتىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. گوياكى ئىمان نۇرى تولۇپ تاشقان بۇ شىر يۈرەك ئۈچۈن ئاغرىق ۋە قورقۇنچ ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. يېنىدا تۇرۇۋاتقان سەپداشلار ئۇنىڭ جەڭ مەيداندىن چىقىپ كېتىشىنى ئۆتۈندى. ئەمما، ئۇ سەپداشلىرىنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئىككىنچى قېتىم تاشلانغان بومبا تېخىمۇ يېقىن ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ سول بىلىكىنى يارىلاندۇردى. بۇ قېتىم ئۇ بىر قولى بىلەن پىلموتنى

مەھكەم تۇتۇپ ئوق ئېتىشقا كىرىشتى. ئەتراپتىكى سەپداشلار ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ۋاقتىدا قان توختىتىلمىسا، خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى. ئابدۇلخەبىر ئۈچۈن ئاللاھ يولىدىكى شەھىدلىكتىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئارتۇقچىدەك قىلاتتى. سەپداشلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى جاۋابسىز قالدى. قېنى قىزىغان ئابدۇلخەبىر تەكبىر توۋلىغىنىچە پىلىموتنى سايرىتىۋاتاتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كەلدى، بىر تال بومبا ئۇنىڭ يېنىغىلا چۈشۈپ ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

مانا، شەھىدلىك ئىشقىدا توختىماي سوقۇپ تۇرىدىغان بۇ يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى، زىكىر-تەسبىھتىن باشقىغا كۆنمىگەن تىل سۆزلەشتىن قالدى. كۆز ئالدىدا ئىككى قولى كېسىلىپ كەتكۈچە، جىھادتا ساباتلىق تۇرغان ساھابە جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلەتكەن بۇ مەنزىرە ھەممىنى سۈكۈتكە چۆمدۈردى، كۆزلەر ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى...




تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا جانلىق ۋە راۋان ئوقۇپ چىقىڭلار.





1. ئابدۇلخەبىر رەھمەھۇللاھ نېمە ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلغىلى ئۇنىمايدۇ؟

2. «... بۇ قېتىم ئۇ كۈتكەن مىنۇتلار كەلگەندەك قىلاتتى...» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى نېمە؟




تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك بوش ئورۇننى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

______ نۇرى، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ _________، شەھىدلىك ______، مىسلىسىز _________، جان-جەھلى بىلەن _________.

بېرىلگەن سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇڭلار.

مۇھاجىرلار، خىتايلار، مۇجاھىد، ئوقۇپ، ۋەتىنىمىز، ھەمىشە

بىز شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلىپ چىققان (        )نىڭ پەرزەنتلىرى. ئاتا-ئانىلىرىمىز زالىم (        )نىڭ زۇلۇمىغا قارشى جىھاد تەييارلىقى قىلىش ۋە دىنىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ شام دىيارىغا كەلگەن. بىز (        )نى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق، ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى دۇئالىرىمىزدا (        ) ئەسلەپ تۇرىمىز. بىزنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇش شارائىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى (        ) ئاكىلىرىمىزنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تىرىشىپ ياخشى (        ) ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمىز.

## سۆز ئالماشتۇرالايمەن

«گۈلزار» دېگەن سۆزگە بىرىنچى گۇرۇپپىدىن مۇۋاپىق سۆزنى تاللاپ، ئۇنى ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر مۇۋاپىق سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ راۋان جۈملە تۈزۈڭلار.

| | بىرىنچى گۇرۇپپا | ئىككىنچى گۇرۇپپا |
|---|---|---|
| | مەكتەپكە بېرىپ | تاپشۇرۇق ئىشلىدىم. |
| | ماگزىنغا بېرىپ | كىتاب ئوقۇدۇم. |
| مەن گۈلزار بىلەن | پوچتىخانىغا بېرىپ | تازىلىق قىلدىم. |
| | ئۆيدە ئولتۇرۇپ | قەلەم ئالدىم. |
| | كۇتۇپخانىغا بېرىپ | خەت سالدىم. |

بسم الله الرحمن الرحيم

«الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)».

(سۈرە ئال ئىمران 169-ئايەت).







## ئەقىللىق دادا ۋە كەپسىز بالا

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ كىچىك ۋاقتىدا تولىمۇ كەپسىز بالا بولۇپ، سىنىپتا پەقەتلا جىم تۇرمايتتى. ئالدىدا ئولتۇرغانلارغا قەلەمنى سانجىپ، ۋاقىراپ-جاقىرايتتى. ئۇستازى شەمسىددىن بىر نەرسە دېسە، «سەن ماڭا بىر نەرسە دېيەلمەيسەن، مەن دېگەن شاھزادە» دەپ تەھدىت سالاتتى. ئۇستازى شەمسىددىن بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ راھەتسىز ۋە چارىسىز ئىدى. پادىشاھنىڭ ئالدىغا بالىسىنى شىكايەت قىلىپ بېرىشتىن خىجىل بولاتتى ۋە بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى.



بىر كۈنى ئۇنىڭ سەۋرىسى تاشتى ۋە ھەممە ئىشقا تەۋەككۇل قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ بەكمۇ تەستە پادىشاھقا ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈردى. پادىشاھ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پىلانىنى ئۇستاز شەمسىددىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ

ئېيتتى. پاھ! بۇ نېمدېگەن ئاجايىپ پىلان، بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەمسىددىن بۇ پىلاننى ئىجرا قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، پادىشاھ ئۇنىمىدى ۋە: «بۇ ئىش بولۇشى كېرەك!» دېدى. ئەتىسى دەرس ۋاقتىدا سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ يەنە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلىدى.

شەمسىددىن ئۇنىڭغا تەربىيە قىلسا، مۇھەممە فاتىھ يەنە پادىشاھ دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، پادىشاھ تۇساتتىنلا ئىشىكنى ئېچىپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ئۇستاز شەمسىددىننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ۋە بارغانچە بېرىپ پادىشاھنى بىر شاپىلاق ئۇردى. ئاندىن كېيىن پادىشاھقا دەرس ۋاقتىدا سىنىپقا رۇخسەتسىز ئۇسۇپ كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ دەرھال سىرتقا چىقىشقا بۇيرۇدى. پادىشاھ بەكمۇ ئوسال بولغان بىر قىياپەتتە شەمسىددىندىن ئەپۇ سوراپ، بېشىنى ئەگكىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن سۇلتان مۇھەممەد فاتىھنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئىشەنگەن پادىشاھ دادىسى شاپىلاق يېگەن ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ بولسا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك چېكىلدى. پادىشاھ ئېغىر بىر جىنايەتچىدەك بوينىنى ئەگكەن ھالدا ئۇستازدىن كەچۈرۈم سورىدى. بۇ پىلان بەكمۇ ياخشى ئىشقا يارىغان ئىدى. شۇ كۈندىن كېيىن سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ پەقەتلا كەپسىزلىك قىلمىدى. چۈنكى، ئىشەنگەن تاغلىرى قار ئاستىدا قالغان ئىدى...





## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى پىششىق، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

تەھدىت سېلىش، شىكايەت قىلماق، ئوسال بولۇش

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. (        ) سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى.
2. بىپايان دالا (        ) پۈركەنگەن.
3. ھەيۋەتلىك تاغلار (        ) تونغا ئورالغان.
4. كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان (        ) قار مەنزىرىسى نېمدېگەن (        ).
5. بالىلارنىڭ (        ) ئاۋازلىرى ياڭرايتتى.



سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، ئىسلام تارىخىدا ياشلارنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تارىختا كۆپلىگەن ياش قەھرىمانلار ئىسلام زېمىنلىرىنى كېڭەيتىشكە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن، مۇشۇ تېكىستتە سۆزلەنگەن سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ 23 يېشىدا ئىستانبۇلنى فەتھ قىلغان. 19 ياشلىق مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ھىندىستاننى؛ 17 ياشلىق زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر كەشمىر ۋە ھىندىستاننىڭ جەنۇبىنى فەتھ قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرگەن بۈيۈك قوماندان ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنغا ئەمىر قىلىنغان چاغدا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ قوشۇن ئىچىدە بار ئىدى. دېمەك، ياشلار غەيرەتلىك ۋە باتۇر بولۇشى، ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەك.

**تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**

## مېنىڭ دادام

ئەمەت بىلەن بىر كۈنى چاقچاقلاشتىم، نوقۇشتۇم،
ئاخىرىدا سەتلىشىپ خوراز كەبى سوقۇشتۇم.
بولغاچ ئاچچىق سۆزلىرىم، تاتىلاندى يۈزلىرىم،
ئۆيگە كەلدىم كەچقۇرۇن ئىششىپ قاپاق كۆزلىرىم.





دادام كۆرۈپ ھالىمنى غەزەپلەندى تاتىرىپ،
قاراپ ماڭا چىرايى كەتتى شۇئان ئاقىرىپ.
دېدى: «ئەجەب ئۆلۈكسەن، بولالماپسەن چاققانمۇ.
تازا ئويلان مەن سېنى كېپەك بېرىپ باققانمۇ؟

ئۇسۇۋەتسەڭ بولمامدۇ تۇمشۇقىغا باش بىلەن.
مەيدىسىگە ئۇرماپسەن يوغان چالما، تاش بىلەن.
ئۆزۈڭ كىمنىڭ بالىسى، بىلەلمەپسەن پۇشتۇڭنى،
نېچۈن ئىشقا سالمىدىڭ ئاشۇ بىر جۈپ مۇشتۇڭنى؟

بوزەك بولساڭ كىشىگە، سېنى قانداق بالام دەي.
بولغىن باتۇر، نۇر چىراغ، شۇندا گەپنى تامام دەي!»
ئويلاپ قالدىم دادامنىڭ، ئاڭلاپ ئاشۇ سۆزىنى،
كۆرسىتەمدۇ نوچىلىق ئۇرۇشقاندا ئۆزىنى.
سىزمۇ ئويلاڭ، دادامنىڭ، سۆزى يامان، ياخشىمۇ؟
ئۇرۇشقانلار بەك نوچى، ئۇرۇشمىغان بوشاڭمۇ؟

## ئاساسىي مەشىق

**1** تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا تىرناق ئىچىدىكى مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.

- ئەھمەد ساۋاقداشلىرىغا ئىنتايىن ________ (ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ).
- كىچىك دوستلار ئوقۇش قوراللىرىنى ________ (ئاسرايدۇ، سۆيىدۇ).
- ئەنۋەر تەرتىپ-ئىنتىزامغا ________ (ساقلايدۇ، رىئايە قىلىدۇ، كاپالەتلىك قىلىدۇ).
- مەكتىپىمىزدە يەنە بىر تۈركۈم ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ________ (ماختالدى، تەقدىرلەندى).

**2** تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قويۇڭلار.

- بۇ سوئال بىلەن ۋاڭ خىتاينىڭ ئاۋازى ئۆچۈپتۇ.
- ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ غەزەپلەندى.
- ئالىم مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.





- ئەنۋەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى.
- ھارىس ئىمتىھان نەتىجىسىنى كۆرۈپ جىمىپ كەتتى.
- زەينەپنىڭ بۇ ئىشى ھەممەيلەننىڭ ئارامىنى بۇزدى.

(ھاياجانلانماق، ئاچچىقلانماق، تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەك، گەپ قىلالماسلىق، بىئارام قىلماق، پەسكويغا چۈشمەك)

**3** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار:

سوپسوپىياك، ئىستىشھادىي ھۇجۇم، غۇژژىدە، ئاۋئاماتكا، چىمچىلاق



سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، بىز ئۆتمۈشتىن خەۋەردار بولۇش ئارقىلىق تارىختىكى ياخشى، سالىھ كىشىلەردىن ئۈلگە ئالىمىز، ئەخلاقى ناچار، ئەسكى كىشىلەردىن ئىبرەت ئالىمىز. شەرقىي تۈركىستاندا ياقۇپبەگ، سابىت داموللام، ئوسمان باتۇرغا ئوخشاش باتۇر رەھبەرلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار زوزۇڭتاڭ، ياڭ زېڭشىن ۋە شېڭ شىسەي (شېڭ دۇبەن) باشچىلىقىدىكى خىتاي جاللاتلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. بىز ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن بېسىپ مېڭىشىمىز كېرەك. خىتايلار ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىپ خەلقىمىزگە كۆپ زۇلۇم قىلغان. تۆۋەندە ياڭ زېڭشىن يازغان بىر كۇپلېت شېئىردىن ئۇنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس.

يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇياققا،
چىلك ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز، نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى.


سىلەر ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ مەلئۇنلارنىڭ خەلقىمىزگە قانداق زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە خەلقنى قانداق قىرغىن قىلغانلىقىنى سوراپ بىلىۋېلىڭلار، ئاللاھنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان رەزىل كاپىرلارنى تونۇۋېلىڭلار.




ياڭ زېڭشىن



زوزۇڭتاڭ



شى جىنپىڭ



شىڭ شىسەي



# 5 ـ بۆلەك: پەن ـ تېخنىكا

ئىلىم ـــ كۈچ دېمەكتۇر. كۈچلۈك ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللىنىش كېرەك. بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەندە تېخىمۇ كۈچلۈك ئادەم بولالايمىز.



# ئاbbas ئىبنى فىرناس

ئاbbas ئىبنى فىرناس ئەندەلۇستىكى (هازىرقى ئىسپانىيە) ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق مۇسۇلمان كەشپىياتچى ۋە فىزىكا ئالىمدۇر. ئەينى ۋاقىتلاردا كىشىلەر قۇشلارغا ئوخشاش ئاسمانلاردا پەرۋاز قىلىشنى ئويلايتتى ۋە بۇ ھەقتە تۈرلۈك ئەپسانە-چۆچەكلەرنى توقۇپ، ئۆز ئارزۇلىرىنى ئىپادە قىلاتتى. ئاbbas ئىبنى فىرنانىسمۇ



دەل مۇشۇنداق ئۇچۇش ھەۋەسكارلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەمما ئۇ باشقىلاردەك خام-خىيال ۋە ئەپسانىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەشنى خالىمايدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە كاللا قاتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى ئىدى. ئەگەر ئادەملەرمۇ ھاۋادا قۇشلاردەك پەرۋاز قىلالىسا، مۇساپىلەر قىسقىراپ، بىر نەچچە ئايلىق مۇساپىلەر بىرنەچچە كۈن، ھەتتا بىر نەچچە سائەت ئىچىدە تاماملانسا، نېمىدېگەن كاتتا ئىش بولاتتى-ھە!

ئىبنى فىرناس 65 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا يىپەك، ياغاچ ۋە ھەقىقي پەيدىن ياسالغان بىر جۈپ قاناتنىڭ ياردىمىدە يەمەننىڭ جابىر ئەل ئەرۇس تېغىدىكى بىر قىيادىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھاۋادا ئاز دېگەندە ئون مىنۇت ئۇچۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ قىسقا ئۇچۇشتا يېنىك يارىلىنىدۇ. گەرچە بۇ قېتىملىق ئۇچۇش غەلىبىلىك بولمىغان بولسىمۇ ئۇ بوشاشماستىن، مەغلۇپ بولۇشىدىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قونۇش قانۇنىيىتىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇچۇشنى ھاۋادا تەڭپۇڭلاشتۇرالمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

كېيىن ئۇ نەچچە ئون يىل قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئاستا قونۇش ھەرىكىتىنىڭ قۇيرۇق بىلەن قانات ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق ۋە ھەمكارلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇش قانۇنىيىتىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇش قانۇنىيىتى ھەققىدىكى قولىيازمىسى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئايروپىلان ياسىغۇچىلارنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى تۇنجى ھاۋادا ئۇچقان شەخس بولۇپ قالىدۇ.

ئىبنى فىرنانس 23 يىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇشلارنىڭ ئۇچۇش قانۇنىيىتى تەقلىد قىلىنغان ئۇچار ماشىنا ئارقىلىق جابىر ئەل ئەرۇس تېغىدىن يەنە بىر قېتىم سەكرەيدۇ ۋە بۇ قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

ئىبنى فىرنانس ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئايروپىلان لايىھىلىگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ سۇ ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان سائەت ۋە كۆز ئاسراش ئەينىكىگە ئوخشىغان بىر قانچە تۈرلۈك كەشپىياتلارنىڭ ئىجادچىسىدۇر.

## كۆنۈكمە

**تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە تېكىستتىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**







## مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

سۇلالە، كەشپىياتچى، ھەۋەسكار، ئەپسانە، ئۆزىنى بەزلەش، قولىيازما، پەرۋاز قىلىش، قانۇنىيەت، ئەپسانە



ئەندەلۇس ئەسلى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى بولۇپ، قوماندان تارىق ئىبنى زىياد رەھمەھۇللاھ تەرىپىدىن فەتھە قىلىنغان. ئەندەلۇس دىيارى





دۇنيادىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر ۋە كاتتا ئالىملار تويلانغان ئورۇن بولۇپ، ئەندەلۇسنىڭ پايتەختى قۇرتۇبە ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىلىم مەركەزلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەندەلۇس كېيىن كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار قوغلاپ چىقىرىلغان، مەدرىس ۋە مەكتەپلەر چېقىپ تاشلانغان. قۇرتۇبە مەدرىسىنىڭ ئۆزىدىلا بىر مىليون پارچە كىتاب كۆيدۈرۈلگەن ۋە شۇنداق قىلىپ ئەندەلۇس كاپىرلارنىڭ قولىدا قالغان.

**بېرىلگەن سۆزلەرگە ئاساسەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.**

❖ سوتسىيالىزىم، دېموكراتىيە، كوممۇنىزم ھەممىسى بىر............ (بىلىم، دىن، ئىلىم)

❖ جېنىم ئۇكام، ئويۇنچۇقلىرىمنى.......... تاشلىمىغىن. (تەرتىپلىك، قالايمىقان، چىرايلىق)

❖ ............ ھەمراھ يەر يۈزىدىن قوپۇپ بېرىلىدۇ. (تەبئىي ، ياخشى، سۈنئىي)

❖ پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسىنىڭ ۋاقتىنى ئەتە .......... (جاراڭلايمىز، جاكارلايمىز، توۋلايمىز).

# كەشپىياتچى بالا

مۇھەممەد ئەمىن نۇردۇن ئاقسۇ شايار ناھىيە گۇلباغ يېزىسىدىن بولۇپ، 1990- يىلى تۇغۇلغان. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىنى پۈتتۈرگەن ۋاقىتتا ئىجاد قىلغان كەشپىياتى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ئەمىن ئۆز يېزىسىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا مېڭىپ، شىۋاق ھىدىنى پۇراپ، كۆچەت بىلەن بوي تالىشىپ، قوزا- تايچاقلار بىلەن تەڭ قىيغىتىپ سەكرەپ چوڭ بولدى. ئوقۇش يېشىغا يېتە- يەتمەيلا مەكتەپكە كىرىۋالدى.

ئۇ مەكتەپتە ھەممە دەرسلەردە ئىزچىل تۈردە ياخشى ئوقۇغان بولۇپ، ئېرىششكە تېگىشلىك بارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. لېكىن، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىلىملەرگىلا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ ئىشلارنىڭ تېگى- تەكتىنى سوراپ بىلىۋېلىشقا، كاللا قاتۇرۇشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق بالا ئىدى. بولۇپمۇ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك- تۈمەن زاپچاسلار ئۇنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى.

مۇھەممەد ئەمىن ئون بىر ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئەما بولغانلىقى ئۈچۈن، يولدا يىقىلىپ چۈشۈپ ئورۇن





تۇتۇپ يېتىپ قالدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن بىئارام بولدۇ ۋە «ئەمالارنىڭ يول يۈرۈشىنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولماسمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق ئويلىنىدۇ. ئۇ تېلېۋىزوردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ «ئەمالار ئىستاكىنى»نى ياساپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ كەشپىياتىدىن ئىلھاملىنىپ، پاتقاقتىن سىگنال بېرەلەيدىغان ھەم قولچىراغنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان، ئۇزارتقىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ھاسا ياساپ چىقىدۇ.

بۇ ھاسا ئەمالار ئۈچۈن پاتقاقتىن سىگنال بېرىپ ئاگاھلاندۇرسا؛ ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەم تايىنىپ ماڭىدىغان، ھەم ئالدىدىكى يولنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ھاسا ئىدى. ئۇ بۇ ھاسىغا «بەختەرلىك ھاسىسى» دەپ ئىسىم قويىدى.

ئۇ بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق بەختەرلىك ھاسىسىنى 2002- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسىگە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، 2003- يىلى 1- ئاينىڭ 29- كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەمىننىڭ بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى نۇرىددىن ئىبراھىم ۋە ئاتىكەم خانىملار مۇھەممەد ئەمىننىڭ فىزىكا، خىمىيە، كومپيۇتېرغا قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كومپيۇتېر ۋە تۈرلۈك تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى بىلەن ئەقلىي مۇلۇك ھوقۇقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «كەشپىياتچىلار قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى ھەمدە خىتاي باشقۇرۇش ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئورۇننىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

«مەن بۇ كەشپىياتنى بۇ يىل ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرماقچى ئىدىم. بىراق ئىقتىسادىي شارائىت يار بەرمىگەچكە قاتناشتۇرالمىدىم. كېلەر يىلى ئىنشائاللاھ چوقۇم قاتناشتۇرماقچى بولۇۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە بىر نەچچە كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمەن» دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

## كۆنۈكمە

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا جانلىق، راۋان بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە تۆۋەندىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار:

قىيغىتىش، پاتېنت ھوقۇقى، شەرەپ، سىگنال، يەرمەنكە، ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ئەقلىي مۇلۇك





## مەنمۇ يازالايمەن

1 مۇسئەب ئوقۇش يېشىغا يېتە ـ يەتمەيلا مەكتەپكە كىرىۋالدى.

______ يېتە ـ يەتمەيلا ______.

زاپچاسلار مۇقاتىلىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى.

______ تەك ______.

2 بۇ ھاسا ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەم تايىنىپ ماڭىدىغان ھەم ئالدىدىكى يولنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ھاسا.

______ ھەم ______ ھەم ______.

تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ.

1 مۇھەممەد ئەمىن كىچىكىدىن سەھرادا چوڭ بولغاچقا، دەرس ئۆگىنىشكە ۋاقتى يوق ئىدى. (   )

2 ئۈرۈمچىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ كەشپىياتى مۇھەممەد ئەمىنگە زور ئىلھام بولغان ۋە «ئەمالار ئىستاكانى»نى كەشىپ قىلغان. (   )

3 مۇھەممەد ئەمىننىڭ بۇ نەتىجىگە ئېرىشىشىگە ئاتا ـ ئانىسىمۇ ياردەم بەرگەن. (   )

4 مۇھەممەد ئەمىن كەشپىياتنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. (   )

كىچىك دوستلار، مۇسۇلمان پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن قەلبىڭلارغا بۈيۈك ئارزۇلارنى پۈكۈپ ياشاڭلار. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى كىچىكىدىن تارتىپ غەيرەتلىك كىشىلەر ئىدى. جىھادقا



چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، چوڭلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالاتتى. ھەتتا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆسمۈر ۋاقتىدا قىلىچىنى ئىسۋىلىپ «رەسۇلۇللاھقا ئازار بەرگەن كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن» دېگەن ۋاقىتتا، ئاران تېخى ئون نەچچە ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇنداقتا، ئەتراپىمىزدا ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشنىڭ يەنە قانداق كۆرۈنۈشلىرى بار؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ كۆرگەنلىرىڭلارنى رەتلەپ بىر ـ ئىككى جۈملىدىن سۆزلەپ بېقىڭلار.

سىزنىڭچە يارامىلىق مۇجاھىد بولۇش ئۈچۈن يەنە قانداق قانداق ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟












مېھرى ئىللىق قۇياشتەك،
نۇر چاچقۇچى چىراقسەن.
پەنگە تەشنا قەلبىمگە،
سۇ بەرگۈچى بۇلاقسەن.



باغۋىنىمسەن ئۇستازىم،
ئۆگەتتىڭسەن پەن ـ بىلىم،
سېنىڭ ئىللىق ئەجرىڭدىن،
يورۇپ كەتتى بۇ دىلىم،

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ،
ئەقىل، كۈچكە تولىمەن.
سەن كۈتكەندەك يارامىلىق،
جەسۇر ئەۋلاد بولىمەن.

## كۆنۈكمە

شېئىرنى توغرا، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.

ئۇستازىڭىزنى قانداق ھۆرمەتلەيسىز؟

### مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ

مېھىر، تەشنا، باغۋەن، ئەجىر، يورۇش، يارامىلىق، جەسۇر





رەسىمنى كۆزىتىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.









1. رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟
2. رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى رولىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟
3. رەسىمدىكى نەرسىلەر بۇرۇندىن تارتىپ بارمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ياسالدى؟
4. ئەتراپىڭىزدا سىز ئىشلىتىۋاتقان قانداق قولاي نەرسىلەر بار، ئېيتىپ بېقىڭ؟

تۆۋەندىكى بالىلار ئويۇنىغا مۇناسىۋەتلىك پارچىنى ئوقۇپ، سىلەرمۇ تەنەپپۇس ۋاقتىدا بۇ ئويۇننى ئويناڭلار.

## دوپپا تالىشىش ئويۇنى

بالىلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ سەپ بولۇپ تىزىلىدۇ ـ دە، رەت بويىچە ساناپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھەربىر بالا ئۆز نومۇرىنى يادلىۋېلىشى كېرەك. ئاندىن ئىككى گۇرۇپپا بىرلىشىپ بىر چەمبەرەك ھاسىل قىلىپ ئولتۇرىدۇ. چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىغا دوپپا قويۇلىدۇ. بىر بالا رېپىر بولىدۇ. ئويۇن باشلىنىش بىلەن رېپىر بىر نومۇرنى، مەسىلەن، «5 ـ نومۇر» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق ئەزالىرى دەرھال ئوتتۇرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ دوپپىنى تالىشىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك بىردەك ساناق سانايدۇ. دوپپىنى ئالدىدا ئېلىۋالغان بالا دوپپىنى كۆتۈرۈپ چەمبەرنى ئايلىنىپ قاچىدۇ. دوپپىنى ئالالمىغان بالا ئۇنى قوغلايدۇ. ساناق تۈگەشتىن ئىلگىرى قوغلاپ يېتىشىۋالسا، دوپپىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ چاغدا قوغلىغۇچى بالا بىر نومۇرغا ئېرىشىدۇ، قوغلاپ يېتىشەلمىسە، دوپپىنى ئېلىپ قاچقان بالا ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، رېپىر باشقا نومۇرنى چاقىرىدۇ. ئويۇن يەنە باشلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا نومۇرغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن گورۇپپا غەلىبە قىلغان بولىدۇ.



بەشىنچى بۆلەك



## ئاساسىي مەشىق

**بوش ئورۇنلارغا تىرناق ئىچىدىكى مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇڭلار.**

1. مەن دەم ئېلىش كۈنۈمنى....... ئۆتكۈزدۈم.
(تەمكىن، ھاياجانلىق، كۆڭۈلدىكىدەك)

2. ....... بايرىقى كۆك ئاسماندا لەپىلدىمەكتە.
(چىرايلىق، پاكىز، تەۋھىد)

3. ئۇ ئۆز خاتالىقىنى .........
(ھېس قىلدى، كۆزەتتى، ئويلىدى)

4. گۇناھ ئىنساننىڭ رىزقىنى ......
(كېمەيتىدۇ، تارلىتىدۇ، كىچىكلىتىدۇ)

**تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خاتاسىنى تۈزىتىڭلار.**

1. مەن بۇ رەسىملەرنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلدىم.

______________________________.

2. يامغۇر لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

______________________________.





3. بىز چوڭلارنى ئاسرىشىمىز كېرەك.

______________________________.

4. ئەھمەد بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىنى تەپسىلىي ئاڭلاتتى.

______________________________.



تۆۋەندە بېرىلگەن تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ قانداق ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئادىتىڭلارغا ئايلاندۇرۇڭلار.

رەھمەت، ئەپۇ قىلىڭ (كەچۈرۈڭ)، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەرھەمەت قىلىڭ، ئەرزىمەيدۇ، ئاللاھ رازى بولسۇن، ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن، بىرگە بولسۇن.

**تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

بىر كۈنى ئەنگلىيىلىك دۇنياغا مەشھۇر ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى نيوتون ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرىدۇ. تۇيۇقسىز دەرەختىكى بىر تال ئالما ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ ۋە بۇ ئىشتىن ھەيران قىلىپ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئويلىنىشقا باشلايدۇ. «نېمە ئۈچۈن ئالما دەرەختىن ئۈزۈلۈپ كەتكەندە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ؟» دېگەن بۇ سوئال نيوتوننىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇ كېيىن كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنى»نى تېپىپ چىقىدۇ.

سوئال: بۇ قىسقا پارچىنى ئوقۇپ سىز نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ «ئەتراپتىكى كىچىك ھادىسىلەرگە دىققەت قىلىش» دېگەن پىكىرنى چۈرىدەپ ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ؟

تۆۋەندىكى ئىككى قاتارغا يېزىلغان سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| كۆڭۈللۈك | ۋەتەن |
| ساغلام | ئورمان |
| چەكسىز | بەدەن |
| مېۋىلىك | تۇرمۇش |
| ئۇلۇغ | دەرەخ |

تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1 سىز بۇ ئوقۇش مەۋسۇمىدە نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ قايسى دەرستە نەتىجىڭىز ئەڭ يۇقىرى بولدى؟ قايسىسىدا تۆۋەن بولدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

2 كېيىنكى ئوقۇش مەۋسۇمىدا قانداق ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتىسىز؟

3 تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىدىڭىز؟